ئىككىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال
تۆتىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

# تەرمىلەر

- سالاپەتلىك ئەر
- ياپونىيەلىكلەر قانداق «تاۋلاندى»
- ئاپەتتىن كېيىنكى ئامەتلەر



ISSN 1671-1327

读者

2016 · 1





# تاختىمۇشۇك

پاۋل كوئېلخو [بىرازىلىيە]
رۇخسارى ئەكبەر تەرجىمىسى

چاشقان قورۇق غوجايىنىنىڭ بىر بولۇگىغا تاختىمۇشۇك قويۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ، قاتتىق ئەنسىرەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ: «تاختىمۇشۇكتىن ئاگاھ بولۇڭلار! تاختىمۇشۇكتىن ئاگاھ بولۇڭلار!» دەپ قورۇقتىكى باشقا ھايۋانلارغا بۇ «قورقۇنچلۇق» خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ.

مېكىيان چاشقاننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى تىنچلىنىشقا ئۈندەپ:

ـــ سۆيۈملۈك چاشقانچاق، تاختىمۇشۇكنىڭ ساڭا نىسبەتەن قورقۇنچلۇق نەرسە ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. لېكىن، ئۇ ماڭا ھېچقانداق خەۋپ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇنچە ھودۇقۇپ كەتمىگىن، ـــ دەپتۇ.

چاشقان قوينىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. چۈشلۈك ئۇيقۇسى بۇزۇلغان قوينىڭ ئاچچىقى كېلىپ چاشقانغا زەردە بىلەن گۈلدۈرلەپتۇ. چاشقان جىددىي ئاھاڭدا:

ـــ غوجايىن ئۆي ئىچىگە تاختىمۇشۇك قويۇپ قويدى، ـــ دەپتۇ.

ـــ كۆڭۈل بۆلگىنىڭگە رەھمەت، چاشقانچاق، ـــ دەپتۇ قوي، ـــ تاختىمۇشۇك قويغىنى سەن ئۈچۈن راستلا كۆڭۈلسىز بىر ئىش بوپتۇ. ھىم، خاتىرجەم بول، كەچتە چوقۇم سەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويىمەن.

چاشقان ئۆزىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تەنھا، بىچارە ھېس قىلىپ، كالىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

ـــ سۆيۈملۈك چاشقانچاق، تاختىمۇشۇكنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ سەن بىر كالىنىڭ تاختىمۇشۇككە قىسىلىپ ئۆلۈپ قالغىنىنى كۆرگەنمۇ؟ ـــ دەپتۇ كالا.

ھېچكىمنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلغۇسى يوقلۇقىنى كۆرگەن چاشقان، ئۆي ئىچىدىكى ئۇۋىسىغا قايتىپ، كەلگۈسى خەۋپ ـ خەتەردىن ئەنسىرەپ، كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقىپتۇ.

تاڭ يورۇشقا يېقىن، ئۆي ئىچىدىن نېمىنىڭدۇر «تاراق» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. «چوقۇم بىرەر نەرسە تاختىمۇشۇككە قىسىلىپ قالدى» دەپ ئويلاپتۇ چاشقان.

قورۇق غوجايىنىنىڭ ئايالىمۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، چاشقاننىڭ تاختىمۇشۇككە قىسىلغان ـ قىسىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپتۇ. ئۇ قاراڭغۇدا تاختىمۇشۇككە قىسىلغان نەرسىنى ئېنىق كۆرەلمەي يېقىن بېرىپتىكەن، قۇيرۇقى تاختىمۇشۇككە قىسىلىپ قالغان يىلان ئايال غوجايىننىڭ پۇتىنى چېقىۋاپتۇ.

ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغىنىنى ئاڭلىغان قورۇق غوجايىنى دەرھال پەسكە چۈشۈپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ. ئۇلار دوختۇرخانىدا زەھەر تازىلىتىپ، قىسمەن تەكشۈرۈشلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.

لېكىن، ئايالنىڭ قىزىتمىسى يەنىلا يانماپتۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا شورپىنىڭ ھەممىدىن بەك پايدا قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان قورۇق غوجايىنى توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئايالىغا شورپا قىلىپ بېرىپتۇ.

ئايال غوجايىننىڭ سالامەتلىكى بارا ـ بارا ئەسلىگە كەپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن شۇ ئەتراپتا ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغاچقا، قولۇم ـ قوشنىلار بەس ـ بەستە ئۇلارنى يوقلاپ كەپتۇ. قورۇق غوجايىنى مېھمانلارنى ئوبدانراق كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، قوينى سويۇپ، ئۇلارغا زىياپەت بېرىپتۇ.

ئايال غوجايىن ئاخىر تولۇق ساقىيىپتۇ. لېكىن، داۋالىنىشقا خېلى كۆپ پۇل كەتكەچكە، ئىقتىسادتىن قىينىلىپ قالغان قورۇق غوجايىنى كالىنى قۇشخانىغا سېتىۋېتىپتۇ.

چاشقان قورۇقتىكى بۇ ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «مەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغانىدىم. ئەگەر مېكىيان، قوي ۋە كالا بىرەيلەنگە كەلگەن خەۋپنىڭ پۈتۈن كوللېكتىپقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئەھۋال ھازىرقىدىن ياخشىراق بولارمىدى؟» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

## مۇندەرىجە


**ئەدەبىيات گۈلزارى**

سالاپەتلىك ئادەم ......................[ئامېرىكا] نىكودوت 3

**شەخسلەر**

گىتلېرنىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىي قورالى.......جاڭ مىڭياڭ 6

**مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش**

تۇنجى ئۇچرىشىش ........................ جىڭ يوۋيوۋ 12

**چەت ئەلدە**

ياپونىيەلىكلەر قانداق «تاۋلاندى» .............. چېڭ خۇي 16

**تامچە**

ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىم...........[ئامېرىكا] داۋىد ئوۋېن 20

**جەمئىيەت كۆزنىكى**

ئېلىمىز پۇقرالىرى ئارىسىدىكى «مودا ئېقىم»لارغا نەزەر
................................................ خەن ياڭ 26

**ئاجايىباتلار**

500 مىڭ فوندستېرلىڭلىق بوغقۇچ............... ۋۇ رېن 31

**ھايات سەپىرىدە**

ئايەتتىن كېيىنكى ئامەتلەر ....................... لو خۇيىۋ 33

**ئۆزگىچە تەپەككۇر**

سايە قەيەردە، Wi – Fi شۇ يەردە .................. باۋ گۇ 39

**ساۋاتلار**

پلۇتون ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز............ شيې شۇن 40

**ئىككى ئەۋلاد ئارىسىدا**

خەقنىش كاتيا ........................ ئالكاگىن بۇخوف 41



(ئايلىق ژۇرنال)

2016 ـ يىلى 1 ـ سان

ئومۇمىي 271 ـ سان



باش مۇھەررىر
مۇھەممەتجان مەخمۇت
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
مۇختار مامۇت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مەسئۇل مۇھەررىر
مۇختار مامۇت

ياردەمچى مۇھەررىر
ئېرشات دىلشات

مەسئۇل كوررېكتور
سەنەۋەر ئىبراھىم



ھەر ئاينىڭ 1 ـ كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ



ژۇرنالدا سۈيەت مەسىلىسى
كۆرۈلسە ژۇرنىلىمىز تارقىتىش
بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىڭ
(0991–2827472)




كونا نۇرى تازا تولۇق چۈشمەيدىغان بىر كوچىغا كەلگەندە، خايمان ھېلىلا تېپىۋالغان ھەميياننى ئاچتى. ھەميياندىن 20 دوللارلىق، 100 دوللارلىق پۇلدىن بولۇپ جەمئىي 10 مىڭ دوللار چىقتى. لېكىن، ھەميياندا شۇنىڭدىن باشقا يا ئىسىم كارتىسى، يا بىرەر باغاقچە دېگەندەك نەرسە، قىسقىسى ھەميياننىڭ ئىگىسىگە ئائىت ھېچقانداق يىپ ئۇچى يوق ئىدى.

خايمان بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى، ھەربىر ساقچى ئىدارىسىدە يوقىتىپ قويغان نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىنى تېپىشقا مەسئۇل مەخسۇس بۆلۈم بارلىقى خايمانغا ئايان ئىدى.

ئەمما، تېخى بىر سائەت ئىلگىرىلا، خايمان ئۆزىنىڭ بارلىق ئامانەت پۇلى — جەمئىي 178 دوللار 30 سىنتنى بانكىدىن ئاچىقتى، بۇ پۇلنى ئۇ ئىشسىز قېلىشتىن بۇرۇن يىغىپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق بىساتى شۇ ئىدى.

خايمان بۇ 10 مىڭ دوللارغا تايىنىپ باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ كىچىكرەك ئاپتوموبىل رېمونتخانىسى ئاچالايمەن، ئۇبدان ئىشلىسەم، ئۇزاققا قالمايلا، پايدامنى ئايرىپ قېلىپ، بۇ پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرالايمەن دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە، ھازىرچە بۇ پۇلنى ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمەي، دەسمايە قىلىش قارارىغا كەلدى.

كەيپى چاغ خايمان دوقمۇشتىكى بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا كىردى. قايتىپ چىققاندا، ئۇنىڭغا ئاجايىپ سالاپەت كىرىپ، ئىشسىز، ئەبگار تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇ ئۇچىسىدىكى كىيىملەر ئۈچۈن 131 دوللار خەجلىدى. ئەمما، تېپىۋالغان پۇللارغا تەگمىدى. ئېشىپ قالغان پۇلى ئۇنىڭ راۋرۇس بىر ۋاخ چۈشلۈك تاماق يېيىشكە يېتىپ ئاشاتتى، يانچۇقىدىكى 10 مىڭ دوللار ئۇنى يېڭى تۇرمۇشقا باشلىيالايتتى.

خايماننىڭ خىيالىغا ئىلگىرى دوستى سترېي بىلەن دائىم بارىدىغان تورپساننى دېگەن ئاشخانا كەلدى - دە، شۇ ئاشخانىغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ دوستى سترېينىڭ ھازىرمۇ شۇ ئاشخانىغا بېرىۋاتقان - بارمايۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن، خايمان ئۆزىگە ياردەم قولىنى سۇنۇشنى رەت قىلغان شۇ «نامەرد» دوستى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى.

ئۇ ئاشخانىنىڭ ئەينەك ئىشىكىنى ئىتتىرىپ كىرىپ، دوستى سترېينىڭ ئىلگىرىكىدەكلا دېرىزە تەرەپتىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

خايمان سترېي ئولتۇرغان ئۈستەلنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا قىسقىلا سالام قىلدى ۋە ئۇ ئولتۇرغان ئۈستەلدىن يىراقراق بىر ئۈستەلنى تاللاپ ئولتۇردى - دە، ئۇبدان تاماقلاردىن خېلى كۆپ بۇيرۇتتى.

سترېينىڭ كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چاقنىدى. ئارىدىن بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ زادى تاقەت قىلالماي، خايماننىڭ يېنىـ

غا كېلىپ:

— كۆرۈشكىنىمدىن خۇشالمەن، بۇرادەر. كۈنلىرىڭ خېلى ئوبدان ئۆتۈۋاتقان ئوخشىمادۇ؟ — دېدى.

خايمان ئۇنىڭ سالىمىغا ئېرىنىپرەك جاۋاب قايتۇردى ۋە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ستربېي هازىر خايماننىڭ «بىر چوڭ شىركەتتە سېتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى بىرقانچە ئايدىن بۇيان سودىسىنىڭ ناھايىتى يۈرۈشۈپ كەتكەنلىكىنى» بىلدى.

— ئەمدى قانداق پىلانلىرىڭ بار؟ — سورىدى ستربېي.

— ھىم، بىر مەزگىل دەم ئالايمىكىن دەيمەن. پەقەت بۇ شەھەرنى سېغىنىپ، كۆرۈپ كېتەي دەپلا كېلىشىم، ئەمما بۇ شەھەردىمۇ قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر سودا تۈرى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئىشقىلىپ، بىرقانچە ھەپتە دەم ئالسامۇ كارايىتى چاغلىق.

ستربېي دەرھال ئۆزىنىڭ شىركىتىدىكى بىر ۋاكالەتەن ئىش بېجىرىش ئورنىغا مەسئۇل خادىم زۆرۈر بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مۇنداق دېدى:

— سەن بىلىسەن، ماڭا ساڭا ئوخشاش سالاپەتلىك، ئىشنى كەسكىن قىلىدىغان بىر ئادەم كېرەك. مەن بۇرۇنلا سېنى تەكلىپ قىلىشنى ئويلىغان، ئەمما ئىزچىل پۇرسەت چىقماي كەلدى. مۇبادا شىركىتىمگە كەلسەڭ، تولىمۇ خۇرسەن بولغان بولاتتىم.

خايماننىڭ يانچۇقىدا 10 مىڭ دوللار بولغاچقا، ستربېينىڭ تەكلىپىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەي:

— بۇ ئىشنى كېيىنرەك بىرنەرسە دېيىشەرمىز، — دېدى.

لېكىن، ستربېينىڭ «كەسپتە ئۇتۇق قازانغان خايمان ئەپەندى»نى پەقەت قولدىن چىقىرىۋەتكۈسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ خايمانغا يېپىشمىدەك چاپلىشىۋالدى، بىر سائەتتىن كېيىن، بىر پارچە خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنىش توختامى خايماننىڭ يانچۇقىدا پەيدا بولدى، توختامدا كېيىنكى ئايدىن باشلاپ، خايمانغا ھەپتىسىگە 850 دوللار مائاش بېرىلىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. خايمان تاماق پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، ئاشخانىدىن چىقىپ، تاكسىدىن بىرنى توستى ـ دە، شوپۇرغا:

— ساقچى ئىدارىسىگە ھەيدەڭ، — دېدى.

ساقچى ئىدارىسىدە، ئۇ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىندى. نېمىلا دېگەن بىلەن، كوچىدىن تېپىۋالغان 10 مىڭ دوللارنى ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئىش كۈندە بولۇپ تۇرمايدۇ ـ دە.

— سەل توختاپ تۇرۇڭ، — نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ساقچى شۇنداق دەپ قويۇپلا قوشنا ئۆيگە كىرىپ، بىر ساقچى ئەمەلدارىنى باشلاپ چىقتى. ساقچى ئەمەلدارى ئۇنىڭ ھەميان تېپىۋېلىش جەريانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— بەك تەلەيلىك ئادەمكەنسىز جۇمۇ، ھېلىمۇ بۇ پۇلنى خەجلىمەپسىز. بۇ پۇل جەك دېگەن تۇتقۇن قىلىنغان بالىنى قۇتقۇزۇشقا تۆلەش ئۈچۈن بانكىدىن ئاچىقىلغان، ھەممە پۇلنىڭ نومۇرى پۈتۈن دۆلەتتىكى سودا ئورۇنلىرىغا ئۇقتۇرۇۋېتىلگەن. مۇبادا سىز بۇ پۇلنى ئىشلىتىپلا قالغان بولسىڭىز، دەرھال قولغا ئېلىناتتىڭىز. بۇ پۇلنى كوچىدىن تېپىۋالغانلىقىڭىزغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ئەمما، ھازىر ھېچكىم سىزدىن گۇمانلانمايدۇ، چۈنكى سىز ئۆزىڭىزنىڭ سالاپىتىنى نامايان قىلدىڭىز.

# ئىسپات تەلەپ قىلىش

تاۋسى
راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى تەرجىمىسى

بىر كۈنى جونېس خانىم مۈشۈك يېمەكلىكى سېتىۋالغىلى مىلچمال دۇكىنىغا باردى. ئۇ ئۈچ قۇتا مۈشۈك يېمەكلىكىنى تاللاپ، پوكەيگە بېرىۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن پىرىكازچىك ئۇنىڭغا:

— كەچۈرۈڭ خانىم، ئەگەر سىز راستىلا مۈشۈك بېقىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ بەرمىسىڭىز، سىزگە مۈشۈك يېمەكلىكى بېرەلمەيمەن، — دېدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — سورىدى جونېس خانىم ھەيران بولۇپ.

— چۈنكى، يېقىندىن بۇيان نۇرغۇن ياشانغان كىشىلەر مۈشۈك يېمەكلىكى سېتىۋېلىپ يەۋېتىپتۇ، شۇڭا ھۆكۈمەت مۈشۈك يېمەكلىكى سېتىۋالماقچى بولغانلاردىن مۈشۈك بېقىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلدى، — دېدى پىرىكازچىك.

جونېس خانىم ئۆيىگە بېرىپ، مۈشۈكىنى مىلچمال دۇكىنىغا كۆتۈرۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. پىرىكازچىك «دەلىل - ئىسپاتلار»نى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۈشۈك يېمەكلىكى سېتىپ بەردى.

ئەتىسى جونېس خانىم يەنە شۇ مىلچمال دۇكىنىغا ئىت يېمەكلىكى سېتىۋالغىلى باردى. ئۇ ئىت يېمەكلىكلىرىنى تاللاپ بولۇپ پۇل تاپشۇرغىلى بارغاندا، پىرىكازچىك ئۇنىڭدىن ئوخشاشلا ئىت بېقىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ياشانغانلار بەزىدە ئىت يېمەكلىكىنىمۇ يېگۈدەكمىش.

جونېس خانىم يەنە ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ مىلچمال دۇكىنىغا ئىتىنى يېتىلەپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇندىلا پىرىكازچىك ئۇنىڭغا ئىت يېمەكلىكىنى سېتىپ بەردى.

ئۈچىنچى كۈنى جونېس خانىم بىر قۇتىنى كۆتۈرۈپ مىلچمال دۇكىنىغا كەلدى. قۇتىنىڭ ئۈستىدە بىر كىچىك تۆشۈك بار ئىدى. جونېس خانىم قۇتىنى پىرىكازچىكنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— خان قىز، مالال كۆرمەي بارمىقىڭىزنى قۇتىغا تىقىپ باققان بولسىڭىز، — دېدى.

پىرىكازچىك ھەيران بولۇپ؛

— نېمە دەپ ئەمدى؟ — دېدى.

— ئەڭ ياخشىسى قولىڭىزنى تىقىپ بېقىڭ، بۇ بۈگۈن مەن سېتىۋالماقچى بولغان نەرسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خاتىرجەم بولۇڭ، قۇتىدا سىزگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق.

پىرىكازچىك خېلى ئىككىلەنگەندىن كېيىن بارمىقىنى قۇتىغا تىقتى، بىراق قولىغا بىر نەرسە ئۇرۇلۇشىغىلا، بارمىقىنى تارتىۋېلىپ، ۋارقىراپ كەتتى:

— ئۆلگۈر، نىجاسەتتەك پۇراۋاتىدۇغۇ؟!

جونېس خانىم پىخىلداپ كۈلگىنىچە جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، قۇتىدىكىسى راستىلا نىجاسەت. ئېيتىڭا، ئەمدىغۇ يۆگىمە تازىلىق قەغىزى سېتىۋالسام بولىدىغاندۇ؟




زومگەرلىكى بىلەن داڭق چىقارغان جۇ يۈەنجاڭغا سېلىشتۇرغاندا، گىتلېرنى ناھايىتى سېخىي داھىي دېيىشكە بولىدۇ.

مەن «ناتسىست گېرمانىيەسىدىكى چىرىكلىك ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەش» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، گىتلېرنىڭ ۋۇجۇدىدىن قارا جەمئىيەت كاتتىباشلىرىنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇنداق دېيىشىمدە، گىتلېر شەخسىي بايلىق بىلەن ھېسابلاشمايتتى، قول ئاستىدىكىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلمايتتى، ئەكسىچە ئامالىنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ياخشى «ئاتامان» بولۇشقا تىرىشاتتى.

## گىتلېر پەيدا قىلغان يۇقىرى قاتلام چىرىكلىكى

پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنى ئۆزىگە سادىق قىلىش ئۈچۈن، گىتلېر ئۇلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ئۆز نامىدىكى كىچىك «خەزىنە»گە تايىنىپ شەخسىي «مېھىر - شەپقەت چەمبىرى» قۇرۇپ، ئۆز يېقىنلىرىغا دۆلەت بېكىتكەن مائاش ئۆلچىمىدىن خېلىلا يۇقىرى سوممىدىكى تۆرلۈك مۇكاپات ۋە ياردەم پۇللىرىنى تارقىتىپ تۇراتتى.

ئېيتىلىشىچە، گېرمانىيە ئارمىيەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللار دەسلەپتە بۇ سابىق «مىلادشىي سېرژانت»نى كۆزگە ئىلمىغان، بىراق گىتلېر يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇلارغا سېخىيلىق قىلغان. نەتىجىدە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ گىتلېرغا تۇتقان مۇئامىلىسى ئۆزگەرگەن. ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشاللىرىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 240 مىڭ ئىمپېرىيە ماركى ھەدىيە قىلغان. مەشھۇر مارشال كارتېر گىتلېرنىڭ 764 مىڭ مارك قىممىتىدىكى سوۋغىسىنى تاپشۇرۇۋالغان؛ گۇدېرىيان 1 مىليون 240 مىڭ مارك قىممىتىدىكى يەر، مۈلۈككە ئېرىشكەن. گىتلېر بىلەن ئارمىيە ئارىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەتكە قارىتا، گىتلېرنى ئۆچ كۆرىدىغان گېرمانىيە ئۆكتىچىلىرى: «گىتلېر ئالتۇندىن ئىشلىگەن سېھىرلىك ئارقان بىلەن ئۇلارغا نوختا سېلىۋالدى» دەپ ھەسرەت چېكىشكەن.

گىتلېرنىڭ خەزىنىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى سەرخىللارغىمۇ كەڭ ئېچىلغانىدى. گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى چاربىنتىلوف 50 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە «ئاتامان»نىڭ 1 مىليون مارك قىممىتىدىكى سوۋغىسىنى تاپشۇرۇۋالغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پۈتكۈل پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر گىتلېرنىڭ سېخىيلىقىدىن مەنپەئەتلەنگەن.

گىتلېر باشقىلارغا بېرىدىغان تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى 100 مىڭ مارك ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇ قەدەر «ئىلتىپات»لىرىدىن كېرىلىپ يۈرىدىغان گىتلېر بېرلىن ساقچى باش

ئەترىتىنىڭ باشلىقىنىڭ 1944 ـ يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، تونجى ئىنكاسى «ئۇ دۆلەتكە، پارتىيەگە ئاسىيلىق قىلدى» دېيىش بولماستىن، بەلكى «ئۇ مېنىڭ تۇزۇمنى يەپ، تۇزلۇقۇمنى چاقماقچى بولدى» دېگەن.

كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى، گىتلېر هوقۇقىدىن قالغان سابىق ناتسىست ئەمەلدارلىرىغىمۇ هەدىيە ۋە مۇكاپات بېرەتتى. ئۇ هەتتا ئۆزى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەنلەرگىمۇ يۇقىرى سومىلىق ياردەم پۇلى، داچا دېگەندەكلەرنى بەرگەندى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، گىتلېر ئۈچىنچى ئىمپېرىيەدىكى چىرىكلىك ۋە خىيانەتچىلىكنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى ئىدى. لېكىن، شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىمكى، گىتلېر بۇ خىل چىرىكلىكنى «روياپقا چىقىرىش» ئۈچۈن، هۆكۈمەت پۇلىغا ئەمەس، بەلكى گېرمانىيە سودا ـ سانائەت ساهەسىدىكىلەرنىڭ ئىئانىسىنى ئاساسىي كىرىم مەنبەسى قىلغان «گىتلېر فوندى جەمئىيىتى»گە تايانغان.

گىتلېر خەزىنىسىدە ئەڭ ئالاهىدە بولغىنى تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك كىرىم مەنبەسى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى ناتسىست مۇرىتلىرى ئۆلۈشتىن بۇرۇن گىتلېرغا قالدۇرغان مىراس (ۋەسىيەتتە گىتلېر مىراسخور قىلىپ بېكىتىلگەن)، يەنە بىرى «مېنىڭ كۈرەشلىرىم» ناملىق كىتابنىڭ نەشر هەققى ئىدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گىتلېر ئىمپېرىيەنىڭ سەرخىللىرىنى ئۇندەككە كەلتۈرۈشتە «ئومۇمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن خۇسۇسىي مۈلكىنى ئايىمايدىغان» ماقامغا يەتكەندى.

«ئۈلگە»نىڭ كۈچى چەكسىز. گىتلېرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ناتسىست گېرمانىيەسىدە زور چىرىكلىك شاملى كۆتۈرۈلدى. هەرقايسى سەپلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي فوندلىرىنى قۇرۇپ، پېقىنلىرىغا ياكى سەنئەتكار، ئالىملارغا ياردەم پۇلى بېرىشتى. «ناتسىست گېرمانىيەسىدىكى چىرىكلىك ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەش»دېگەن كىتابتا هىملېرنىڭ «مېهىر - شەپقەت ئىمپېرىيەسى» توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇ ناتسىست ئارمىيەسىدىكى كادىرلارنىڭ ئارام ئېلىش هەققىنى تۆلىگەن، هەتتا قەرز قايتۇرۇشتەك خۇسۇسىي ئىشلىرىغىمۇ ياردەم قىلغان. بۇنداق ئىشلار ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامغىچە كېڭەيگەن.

بۇنىڭدىن بىز گىتلېر هاكىمىيىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى، يەنى تېررورلۇق ۋە زوراۋانلىقتىن، ئىدېئولوگىيە جەهەتتىكى قۇتراتقۇلۇق ۋە كاللىنى يۇيۇشتىن باشقا، سېتىۋېلىق پۇل سۇڭگۇتۇپ ئۇندەككە كەلتۈرۈش چارىسىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## پېشقەدەم يولداشلارنىڭ چىرىكلىك پاراۋانلىقى

ناتسىست پارتىيەسىدىكىلەرنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ناتسىستلارنىڭ چىرىكلىكى يالغۇز يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگىلا خاس بولماستىن، بەلكى تۈزۈملەشكەن «ئومۇمىي مەنپەئەت» سۈپىتىدە پۈتۈن پارتىيەنى قاپلىغانىدى. گىتلېر ۋە ناتسىست يۇقىرى قاتلىمدىكىلەر «پېشقەدەم يولداش»لارنى ئاتىسىدەك كۆرۈپ غەمخورلۇق قىلغان. 1933 ـ يىلى ناتسىستلار هاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ناتسىستلارنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق كاتتىبېشى خېس: «هەربىر رەهبەر چوقۇم هەرقانداق بىر يولداشنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا قاراپ تۇرماسلىقى، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ماددىي شارائىتىنى ئۈزۈكسىز ياخشىلىشى كېرەك» دېگەن.

خىزمەتكە ئورۇنلىشىش مەسىلىسىدە، پېشقەدەم ناتسىست پارتىيە ئەزالىرى يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. خېسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىغا ئۇلار ئىلگىرىكى تۈزۈم ئاستىدا ئۇچرىغان كەمسىتىلىش ۋە چەتكە قېقىلىشنىڭ ئورنى تولدۇرۇپ بېرىلگەن». ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى نەچچە يىلدا ناتسىستلار پېشقەدەم يولداشلارغا ياردەم قىلىش نامى بىلەن نەچچە ئون تۈمەن ناتسىست پارتىيە ئەزاسىنى دۆلەت ئىچىدىكى ئاممىۋى كەسپىي ئورۇنلاردىكى يېڭى ۋەزىپىلەرگە قويغان. پەقەت ئىمپېرىيە پوچتا ئىدارىسىلا 30 مىڭدىن ئارتۇق «تۆھپىكار ناتسىست»نى قوبۇل قىلغان. ئەلۋەتتە، بۇ دۆلەت ئورۇنلىرى ئۇنچە كۆپ خادىمغا موھتاج ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىمۇ «پېشقەدەم يولداشلار» ئۇ ئورۇنلاردا خۇشال ھالدا ئىشلىگەن. خۇسۇسىي كارخانىلارمۇ «پېشقەدەم يولداشلار»نى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان، ناتسىستلار «پېشقەدەم يولداشلار»نى ئىشلىتىشنى كارخانىلارنى باھالاشنىڭ يوشۇرۇن ئۆلچىمى قىلغان. تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىلگىنى شۇكى، كارخانا غوجايىنلىرى ناتسىست بولسا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىدىن بەھرىمان بولغان، ئۇلار دائىم يۇقىرى سوممىلىق تۈرلەرگە ئېرىشكەن. ناتسىستلار يەنە ئېنىق ھۆججەت چىقىرىپ «دۆلەت مەبلەغ سالغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى پارتىيەلىك يولداشلار ئىشلەيدۇ، چۈنكى بۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ‹دۆلەتلىك سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى›گە كۆپ قەرزدارمىز» دەپ بەلگىلىگەن.

## ئاۋامنىڭ چىرىكلىكنى قارشى ئېلىشى

گېرمانىيە پۇقرالىرى نېمىشقا يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ناتسىست پارتىيەسىنىڭ چىرىكلىكىگە كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ؟ «ناتسىست گېرمانىيەسىدىكى چىرىكلىك ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەش» دېگەن كىتابتا ئۇدۇللا قىلىپ: «گەرچە گېرمانىيە ئاممىسى چىرىكلىككە قەلەم ۋە ئېغىز ئارقىلىق قاتتىق نەپرەتلەنگەن بولسىمۇ، بىراق گېرمانىيە جەمئىيىتى چىرىكلىك ئارقىلىق نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن» دېيىلگەن.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مۇبادا بىز ناتسىستلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى مۇستەبىتلىك دېمەي، بەلكى گېرمانىيە جەمئىيىتى ھەر خىل يوللار ئورتاق ئىشتىراك قىلغان ئىجتىمائىي پائالىيەت دەپ چۈشەنسەك، شۇنىڭدا بىز چىرىكلىكنىڭ ناتسىست ھاكىمىيىتى بىلەن گېرمانىيە جەمئىيىتىنى چەمبەرچاس باغلىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، نۇرغۇن ئاددىي پۇقرالار ‹ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش›، ئۈچۈن ناتسىستلارنىڭ ئىرقىي زۇلۇم ۋە يوقىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان».

ئەپسۇس، بۇ كىتابتا گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ئاتالمىش «ئومۇمىي خەلق چىرىكلىكى»گە قارىتا ئىنچىكە تەپسىلاتلار يوق. لېكىن، بىز بۇ تەپسىلاتلارنى «گىتلېرنىڭ مىللىي ئىمپېرىيەسى» دېگەن كىتابتىن تاپالايمىز.

بىر ئاچقۇچلۇق مەنتىق شۇكى، مۇبادا ئومۇمىي خەلق چىرىكلەشسە، شۇنداقلا يەنە زور مەنپەئەتكە ئېرىشسە، ئۇنداقتا ئۇنچە زور بايلىقنى كىم، قانداق تەمىنلەيدۇ؟ «گىتلېرنىڭ مىللىي ئىمپېرىيەسى» دېگەن كىتابتا بېرىلگەن جاۋاب شۇكى: گىتلېر باشقا مىللەتلەرنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇش بەدىلىگە گېرمانىيە ئاممىسىنى چىرىكلەشتۈرگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بېسىۋېلىنغان دۆلەتلەرنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاش بەدىلىگە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ چىرىكلىشىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس ياراتقان.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاددىي ئەسكەر

گىتلېردا قالدۇرغان ئەڭ چوڭ خاتىرىسى — ئەينى چاغدا ئالدىنقى سەپتە لاۋازىمەتلىكلەرنىڭ ئىنتايىن قىس ئىكەنلىكى، دۆلەت ئىچىدە ئاچارچىلىق ۋە پۇل پاخاللىقىنىڭ ئېغىرلىقى ئىدى.

شۇڭلاشقا، تارىختىن ئۆرنەك ئالغان گىتلېر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىقتىسادشۇناسلار بىلەن روبىرو ئېلىشىپ، گېرمانىيە ئاممىسىغا قارىتا «مەڭگۈ باجنى ئۆستۈرمەسلىك»تەك رەھىمدىل سىياسەتتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرغان. گىتلېر پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ كەتمىسلا، ئاممىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قوللىشىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىغا؛ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكىدەك قورغاننىڭ ئىچىدىن يىمىرىلىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرمىزكى، گىتلېر يۇقىرىقى ئىدىيەسىنى راستلا روياپقا چىقارالىغان. «گىتلېرنىڭ مىللىي ئىمپېرىيەسى» دېگەن كىتابتا گىتلېرنىڭ ھاكىمىيىتىگە «قارشى ئېلىنغان مۇستەبىتلىك» دەپ باھا بېرىلگەنلىكىدىن ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ. «ئۇلار پۇل ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئاشكارا مەدھىيەسىنى، ھېچبولمىغاندا سۈكۈت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەن»، «ئىجتىمائىي سىياسەت ئارقىلىق چىرىكلەشتۈرۈش تەدبىرىنى ئىزچىل قوللىنىش گىتلېرنىڭ مىللىي ئىمپېرىيەسىدىكى سىياسىي بىردەكلىكنى ساقلاشنىڭ ئاساسى بولغان.»

ئاۋامنى رازى قىلىش، شۇنداقلا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى تەننەرخلىق ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچىنچى ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى ئىشغالىيەت بېجىنى ئۈزۈكسىز ئاشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان، نەتىجىدە بۇ ياۋروپانىڭ پۇل سىستېمىسىنى ۋەيران قىلغان. گېرمانىيەدىكى ئۇزۇق ـ تۈلۈكنىڭ يېتەرلىك بولۇشى ئۈچۈن، ناتسىست گېرمانىيەسى ئىشغال قىلىنغان دۆلەتلەردىن مىليون توننىلاپ يېمەكلىك بۇلاپ، گېرمانىيە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىگە مۇۋاپىق مىقداردا تەقسىملەپ بېرىپ، قالغان زور مىقداردىكى يېمەكلىكلەرنى گېرمانىيەگە يۆتكىگەن.

ناتسىست گېرمانىيەسى: «گېرمانىيەلىكلەر بۇ ئۇرۇشتا ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ» دەپ قەسەمياد قىلغان. ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش ئەھۋالى پايدىسىز شارائىتتىمۇ ئادەتتىكى گېرمانىيەلىكلەر ئاچ قالمىغان ھەم داۋاملىق گىتلېرنى قوللىغان. گىتلېرگە شۇ ئايان ئىدىكى، ناتسىستلارنىڭ «1000 يىللىق ئىمپېرىيە» غايىسى ئاڭلىماققا ئاجايىپ دەبدەبىلىك بولسىمۇ، خەلق ئۈچ كۈنلا ئاچ قالسا ئەھۋال تامامەن ئۆزگىرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇشىغا قارىتا گېرمان ئاياللىرى سۆز قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق. ئېگىلىنىشچە، ئۇلار 1945 ـ يىلىدىن كېيىنكى 10 يىلدا، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ: «ئۇرۇش مەزگىلىدە ئاچ قالمىغاندۇق، ھەممە ئىشلار ئۆز لايىقىدا يۈرۈشەتتى، ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئەھۋال بەك يامانلىشىپ كەتتى» دېيىشكەن. ئەلۋەتتە، گېرمانىيە ئاياللىرى بەزى ئىشلارنى، جۈملىدىن گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش ئەسىرلىرى لاگېرىدا ھەر كۈنى سانسىزلىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسىرلىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە كىشىلەر ئاچلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋاتسىمۇ، ئاشلىقنىڭ يەنىلا گېرمانىيەگە توشۇلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان.

يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە پارتىيەلىك يولداشلىرىنى چىرىكلەشتۈرگىنىدەك، گىتلېر ئىجتىمائىي پاراۋانلىقتىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل گېرمان مىللىتىنى چىرىكلەشتۈرگەن. گېرمانىيە ئاممىسى ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرۈپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى مەنپەئەتلەرگە سېتىلىپ، گىتلېرغا ئۇ ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان پاسسىپ سادىقلىقنى بىلدۈرگەن.

# ئادەم يەيدىغان ئالتۇن



ۋاڭ لۇ

رۇخسارى ئەكبەر تەرجىمىسى

ئىككى دوست ئورماندىكى چىغىر يولدا سەيلە قىلىۋاتسا، ئورمان ئىچىدىن بىر ئادەم ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە چىقىپ كەپتۇ. ئىككىلەن بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىغا قاراپ، ئۇنى بىرەر ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— بەك قورقۇنچلۇق ئىش بولدى، مەن بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىرمۇنچە ئالتۇن بايقىدىم، — دەپتۇ ئۇ ئادەم.

ئىككى دوست: «بۇ قىپقىزىل ساراڭكەنغۇ؟ ئالتۇن تېپىۋېلىپ خۇش بولماي، قورقۇپ كېتىدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟» دەپ ئويلاپ، ھېلىقى ئادەمدىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، ئۇ ئالتۇنلار قەيەردە؟ بىزگە دەپ بەرسىڭىز چۇ؟

— نېمە؟ سىلەر ئۇ ئالتۇنلارنى ئالماقچىمۇ؟ ئەجەبا، ئالتۇننىڭ ئادەم يەيدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭلار يوقمۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

بۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنىڭ دەردى بار دەپ جەزملەشتۈرۈپ بولغان ئىككىيلەن ئىككىلىنەمەيلا:

— ياق، بىز قورقمايمىز. بىزگە ئۇنىڭ ئورنىنى دەپ بەرسىڭىزلا بولدى، — دەپتۇ.

— ماقۇل، دەپ بېرەي. ئۇ ئالتۇنلار ئاۋۇ كۆۋرۈكنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىدە، — ھېلىقى ئادەم شۇلارنى دەپ بولۇپ ئالدىراپ ـ تېنەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئىككىيلەن بۇ «ئالجوقا»نىڭ گېپىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ قارىسا، راستلا بىرمۇنچە ئالتۇن تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئالتۇنلارنى قانداق بۆلۈشۈش، قانداق ئەكېتىش ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

— كۈپكۈندۈزدە بۇ ئالتۇنلارنى ئېلىپ ماڭساق، باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىمىز. مېنىڭچە، مۇنداق قىلايلى. سەن بېرىپ، يېگۈدەك بىرنەرسە ئەكەل. مەن ئالتۇنلارغا قاراپ تۇراي. ئاندىن قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىككىمىز ئالتۇنلارنى ئەكېتەيلى، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرسى.

يەنە بىرەيلەن بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ، يېگۈدەك بىرنەرسە ئالغىلى كېتىپتۇ.

«بۇ ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! ھىم، ئەڭ ياخشىسى ئۇ كەلگەندە كاللىسىغا كالتەك بىلەن بىرنى قويۇپ، ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قوياي. شۇنداق قىلسام ئالتۇنلار ئۆزۈمگە قالىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ ئالتۇنغا قاراۋاتقىنى.

«مەن يەيدىغان نەرسىلەرگە زەھەر سېلىۋەتسەم، ئاۋۇ كاساپەتنىڭ شۇ يەردىلا جېنى چىقىدۇ ـ دە، ئالتۇنلار ماڭىلا قالىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ يەنە بىرىمۇ.

شۇنداق قىلىپ، تاماق تېپىپ كەلگەن دوستى دەرەخ تۈۋىگە كېلىشىگە كاللىسىغا كالتەك يەپ شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ، يەنە بىرەيلەنمۇ ئۇ ئەكەلگەن تاماقتىن نەچچە كاپام يە ـ يېمەيلا، كۈچلۈك زەھەرنىڭ تەسىرىدە ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

ئالتۇننىڭ ئادەم يەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن بىچارىلەر راستلا ئالتۇنغا يەم بوپتۇ.

# غەربلىكلەر بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئۇسۇلىدىكى پەرق

لىن فېڭ

غەربلىكلەر، جۈملىدىن ياۋروپا ـ ئامېرىكىلىقلار خىزمەت ئالاقىسىدە ئېلېكترونلۇق يوللانما (Email) يوللاشقا ئامراق. يولنىڭ ئاسىنىنى ئىزدەپلا يۈرىدىغان جۇڭگولۇقلار بولسا، تېلېفون سۆزلىشىشكە ياكى ئۇندىدار قاتارلىق دېتاللاردا ئۈچۈر يوللاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن.

بۇنداق پەرقنىڭ كۆرۈلۈشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، غەربلىكلەر خۇسۇسىي تۇرمۇش بىلەن خىزمەتنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىيدۇ. جۇڭگودا بولسا خىزمەت بىلەن تۇرمۇش ناھايىتى زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ئالايلۇق، جۇڭگو مىقياسىدا خىزمەت ۋاقتىدا توردىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ باقمىغان، ئائىلە ئىشلىرى توغرىسىدا گەپ سېتىپ باقمىغان ئادەم ئاساسىي جەھەتتىن يوق دېسەك خاتالاشمايمىز. لېكىن، بۇ خىل ئىشلارنى غەرب ئەللىرىدە ئۇچرىتىش ناھايىتى تەس.

ئېلېكترونلۇق يوللانما ئەۋەتىش باشقىلارغا ئانچە قولايسىزلىق تۇغدۇرمايدىغان، يەنى ئۇلارنى دەماللىققا ئىنكاس قايتۇرۇشقا قىستىمايدىغان ئۇچۇرلىشىش شەكلىدۇر. بۇنىڭ ئۇنۇمى كۆپىنچە قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز شارائىتتا، ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ دەرھال جاۋاب تەلەپ قىلغاندىن ياخشىراق بولىدۇ.

ھەتتا، بىر ئادەم بېرىلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ياكى ئائىلىسىدىكىلەرگە ھەمراھ بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز تېلېفون بېرىش ياكى ئۇندىداردا ئۈچۈر يوللاش ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا باشقىلارنىڭ ئارامىنى بۇزغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

بىز چەت ئەللەرگە ساياھەتكە چىققانلاردىن ئۇ يەردىكى ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ناھايىتى «جىمجىت» ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر ئارىسىدا تېلېفون سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى، مۇھىم ئىشى بولغان تەقدىردىمۇ پىنھان جايغا بېرىپ تېلېفون سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئېلېكترونلۇق يوللانما ئىشلىتىشكە كۆنۈپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

بۇنىڭدىن سىرت، ياۋروپا ـ ئامېرىكىدا تېلېفون نومۇرى ناھايىتى مۇھىم مەخپىيەتلىكلەر قاتارىدا سانىلىدۇ. غەرب ئەللىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھېلىھەم خىزمەت بىلەن تۇرمۇشنى ئېنىق ئايرىغاچقا، تېلېفون نومۇرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، ئەڭ يېقىن دوستلىرىغىلا دەپ بېرىدۇ. خىزمەتتە پەقەت ئېلېكترونلۇق يوللانمىلا ئىشلىتىدۇ. شۇڭا، خىزمەتداشلار ئارا بىر ـ بىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلمەيدىغان ئەھۋال ئۇ دۆلەتلەردە ناھايىتى نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، جۇڭگودىكى خىزمەتداشلار ئارا تېلېفون، ئۇندىدار، QQ نومۇرلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى بىلىشىدىغان ئەھۋال غەربلىكلەرنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ.

# تۇنجى ئۇچرىشىش

جىڭ يۇۋيۇۋ
ياسىنجان مەمەت تەرجىمىسى

مەن ئەمدىلا ئالىي مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىغا چىققان ئوقۇغۇچى. ئىلگىرى مېنى مۇزېيدىكى «ئاسارىئەتىقە»لەرنى ساقلىغاندەك نازارەت قىلىدىغان ئاتا - ئانامدىن يېڭىلا قۇتۇلغاچقىمىكىن، ئۆزۈمنى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئاجايىپ ئەركىن ھېس قىلىۋاتاتتىم!

ئىلگىرى ئۇلار مېنى نېمانچە چىڭ تۇتاتتى - ھە؟ ئالىي مەكتەپكە چىقىشتىن ئىلگىرى ھەتتا يانفونۇممۇ يوق ئىدى، تورغىمۇ ئىنتايىن ئاز چىقاتتىم. بۇنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي — ئاتا - ئانام مېنىڭ يامان يولغا مېڭىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار ھەتتا ماڭا ئىز قوغلاش ئەسۋابى ئورنىتىپ قويۇشقا ئازلا قالغانىدى.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 - يىللىقىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەن ھاياتىمدىكى تۇنجى يانفونغا ئىگە بولدۇم. ھەممىڭلارغا مەلۇم، ھازىرقى ئىجتىمائىي ئالاقە يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا گەپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، بۇ «يېڭى دۇنيا»غا كاللىچىلاپلا شۇڭغۇدۇم.

ئۈندىدارنىڭ «ئەتراپتىكىلەر» ئىقتىدارى ماڭا ئاجايىپ قالتىس تۇيۇلدى - دە، ھەر خىل ئوغۇللار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ يۈردۈم. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ئىدى. بىرنەچچە كۈن پاراڭلىشىپلا، ھەممىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭاتتۇق. بىراق، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى مەن بىلەن ئاجايىپ «تەقدىرداش» چىقىپ قالدى.

بۇ بالىنى A دەپلا ئاتاي، ئۇنى ئالىي مەكتەپكە چىقىش ئالدىدىكى يازلىق تەتىلدە ئۈندىدارغا قوشۇۋالغانىدىم. دەل كەلگەن يېرى، ئىككىمىز تەڭلا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەنىكەنمىز، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى بەك ياخشى ئىكەن، ئەۋەتىپ بەرگەن سۈرىتىمۇ كۆزۈمگە بەك يېقىشلىق كۆرۈندى!

A شاڭخەيدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىمىز شاڭخەيلىك! تەقدىرنىڭ يازمىشلىرى ئاجايىپ - ھە؟!

بىز ھەر كۈنى تەڭ كېچىگىچە پاراڭلىشىپ، بىر - بىرىمىزگە قىيمىغان ھالدا ئايرىلاتتۇق. ھەتتا مەن باشقا شەھەرگە كېتىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدىمۇ بىزنىڭ ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىدى، ھەر كۈنى دېگۈدەك پاراڭلىشىپ تۇردۇق.

خېلى كۈنلەردىن كېيىن، ئۇ ماڭا كۆڭۈل ئىزھار قىلدى، گەرچە بىز كۆرۈشۈپ باقمىغان بولساقمۇ، مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسەن بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆزۈمنىڭمۇ A نى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلغاچقا، ئارتۇق ئويلىشىپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدۇم!

ئىلگىرى پاراڭلاشقاندا، بىز بىر - بىرىمىزدىن خىجىل بولاتتۇق. مۇناسىۋىتىمىز مۇقىملاشقاندىن كېيىن، پارىڭىمىز ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىدى، بىر - بىرىمىزدىن قىلچە تەپ تارتمايدىغان، ئىلگىرى ئويلاشتىنمۇ ئۇيۇلىدىغان گەپلەرنى ئوپئوچۇق دېيىشىدىغان بولدۇق! ھازىر شۇ گەپلەرنى ئويلىسام ئۆزۈمنى كاچاتلىغۇم كېلىدۇ.

ناھايىتى تېزلا، A ئىككىمىز ئۇچراشماقچى

بولدۇق! گەرچە ئىككىمىز «يۈرۈۋاتقان» بولساقمۇ، لېكىن ھازىرغىچە يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغاندۇق! كۆرۈشمەي تۇرۇپلا «مۇھەببەت»لەشكىنىمنى ھازىر ئويلىسام، ئەينى چاغدا ئېلىشىپ قالغان بولغىيمىدىم دەپ ئويلاپ كېتىمەن!

A بىلەن ئۇچرىشىشقا كېلىشكەن ۋاقتىم، دەل شاڭخەيگە قايتىدىغان ۋاقتىمغا توغرا كەلدى. بۇ نېمىدېگەن ياخشى پۇرسەت – ھە! لېكىن، مەن بىر مەيدان «رەسۋاچىلىق»نىڭ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى زىنھار ئويلاپ باقمىغاندىم!

كۆرۈشۈش تەلىپىنى A ئوتتۇرىغا قويغان، ھەتتا نومۇس قىلماي مەندىن: «كېچىدە كۆرۈشەمدۇق، كۈندۈزدىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى. مەنمۇ شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە: «مەن دادام – ئاپاملارغا XX – كۈنى بارىمەن دەپ قويدۇم، بىز ئالدىنقى كۈنى كۆرۈشسەك بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم.

بىز مېھمانخانىدا كۆرۈشۈشكە دېيىشتۇق.

كۆرۈشىدىغان كۈنى، مەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ئەزەلدىن كۆرۈشۈپ باقمىغان «يىگىتىم»نىڭ يېنىغا يۈگۈردۈم.

مەن دەككە – دۈككىدە مېھمانخانىغا كىردىم، دېيىشىپ قويغان ياتاقنى تېپىپ، ئىشىكنىڭ قىيا ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم! «ئاق ئاتلىق شاھزادەم»نىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى!

ھاياجىنىمنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى بوش چەكتىم ۋە قورۇنۇپراق ياتاققا كىردىم.

ئاندىن كېيىن...

دادا، ئاپا!؟ ... سىلەر... سىلەر قانداقسىغا بۇ... بۇ يەردە؟

مەن تاشتەك قېتىپلا قالدىم. لېكىن، دادام – ئاپام ئىنتايىن تەمكىن ھالدا كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئاپام مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ، مۇلايىملىق بىلەن «ھە، كەلدىڭمۇ» دەپ سورىدى.

كاللام قوپقۇرۇق ئىدى!

ئاران ئېسىمنى يىغىپ: «ھە – ھە...»لا دېيەلىدىم. ئاۋازىم ئۆزۈمگە يىراق – يىراقلاردىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئاپام ئېغىز ئاچتى:

— قارا، تور دېگەن بۇ نەرسە نېمانچە خەتەرلىك – ھە؟ بەختىڭگە يارىشا بۈگۈن ئالدىڭدا تۇرغىنى داداڭ – ئاپاڭ. ناۋادا بىرەر يامان نىيەتلىك ئادەمگە ئۇچراپ قالغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟ بەلكىم بۈگۈن بىر بۆرىكىڭدىن ئايرىلىشىڭمۇ مۇمكىن ئىدى. بىلەمسەن؟

نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. «بىر بۆرەك قانچىلىك نېمە ئىدى؟ ئاتا – ئانامنىڭ ئالدىدا بۇنداق نومۇسقا قالغۇچە ئۆلۈپلا كەتسەمچۇ» دېگەن خىيال كاللامغا كىرىۋالغانىدى.

ئاپام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن دائىم مېنى قاتتىق باشقۇردۇڭلار، دەپ داداڭ ئىككىمىزدىن ئاغرىنىپ كەلدىڭ. كۆردۈڭمۇ؟ بىزنىڭ ئەندىشىمىز ئارتۇقچىمىكەن؟ سەندە مۇداپىئەلىنىش ئېڭى دېگەن نەرسە يوق، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ئادەمگە مۇشۇنداق ئىشىنىپ كەتسەڭ...

روھىم تېنىمدىن چىقىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدىم.

شۇ تەرىقىدە يىغلاپ تۇرۇپ، ئۈچ سائەت ئاتا – ئانامنىڭ دەرسىنى ئاڭلىدىم. ئاندىن بىر ئائىلە كىشىلىرى مېھمانخانىدىن ئايرىلدۇق...




مەن بىر مال ساتقۇچى. كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، چاڭ - تۇزان سۈمۈرگۈچ بىلەن گىلەمنى تازىلاپ، شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتىمەن.

مەن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، بۇ خىزمەت ماڭا بەك ماس كېلىدۇ، كىرىمىمۇ يامان ئەمەس. مەن ھەر قېتىم خەقنىڭ ئىشىكىنى چەككەندە، بۇنى بىر پۇرسەت دەپ قارايمەن. مەيلى كىشىلەر مېنىڭ مەھسۇلاتىمنى ئالسۇن - ئالمىسۇن، ئۇلارغا كۈلۈپ مۇئامىلە قىلىمەن.

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر ئائىلىنىڭ ئىشىكىنى چېكىۋىدىم، ئىشىكنى بىر ئايال ئاچتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا مېنى ئەدەپ بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مەن كۈلۈمسىرىگىنىمچە مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇردۇم. تونۇشتۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن:

— سىزچە قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. تەجرىبىلىك مال ساتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇنىڭ چاڭ - تۇزان سۈمۈرگۈچ سېتىۋېلىش ئويى يوقلۇقىنى بىلىۋالدىم.

— قارىماققا يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، ئۆيىمىزدىكى چاڭ - تۇزان سۈمۈرگۈچ كونىراپ ئاسارىئەتىقىگە ئايلىنىپ قالاي دېدى، بىراق، باھاسى... — ئۇ بىرنەچچە سېكۇنت توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بەك قىممەتكەن، كەچۈرۈڭ، مەن راستلا ئالالمايمەن، يىغقان پۇللىرىمنى كېسەل داۋالىتىمەن دەپ تۈگىتىپ بولدۇم، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قايغۇ ئالامىتى پەيدا بولدى. — كەچۈرۈڭ، سىزنى مالال قىلدىم.

ئۇنىڭ گەپلىرى داۋاملىق سۆزلىشىمگە ئورۇن قويمىغانىدى. شۇڭا ئۆيدىن چىقماقچى بولدۇم. لېكىن، قانداقتۇر بىر قىزىقىش تۈپەيلى:

— كىم ئاغرىپ قالغان؟ — دەپ سوراپ سالدىم.

ئايالنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئولاشتى.

— قىزىم رىسا، — ئۇ شۇنداق دېگەچ تامدىكى سۈرەتنى كۆرسەتتى. تامدا كۈلۈپ تۇرغان، ئىنتايىن ئوماق بىر قىزچاقنىڭ سۈرىتى تۇراتتى، — ئۇنىڭ بۆرىكى زەئىپلەشكەنىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان پېرىسپېكتىۋلىق داۋالاشقا تايىنىپ، بۆرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى كۈتۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق كېلىدىغان بۆرەك تېپىلغۇدەك بولسا، ئۇ بەلكىم... — ئايال سۆزلەۋېتىپ ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى.

يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. مەن قې-

رىندىشىدىن ئايرىلىشىنىڭ قانچىلىك ئازابلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. سىڭلىم سەككىز يىل ئىلگىرى دەل بۆرەك زەئىپلەشكەنلىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك بۆرەك تېپىلمىغانىدى. مەن بۇنداق چاغلاردىكى زارىقىشنىڭ تەمىنى ياخشى چۈشىنەتتىم.

— ئۆيدىكى قېرىنداشلار سىناپ باقمىدىمۇ؟

— ھەممىمىز سىناپ باقتۇق، بىراق قىزىمنىڭ قان تىپى O تىپلىق مەنپىي rh تىپى ئىكەن. بۇنداق قان تىپى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىكەن، بىزمۇ چارىسىز قالدۇق.

— مانا مېنىڭ قان تىپىم دەل O تىپلىق مەنپىي rh تىپى، — دەۋەتتىم مەن.

— راستما؟ ئۇنداقتا، سىز قىزىمغا بۆرەك تەقدىم قىلىشنى خالامسىز؟ — دېدى ئايال ھاياجانلانغىنىچە. ئۇنىڭدىكى ئىنتىزارلىق ۋە جىددىيلىك مېنى سەل ئەندىكتۈرۈپ قويدى. مەن خېلىغىچە ئۈندىمىدىم. بۇ شۇنچە كۆپ يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم خېرىدارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەسلىكىم ئىدى.

ئەجەبا، دادام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن بىرسىگە بۆرىكىمنى تەقدىم قىلسام - ھە؟ بۇ ساراڭلىق ئەمەسمۇ؟

لېكىن، سىڭلىمنىڭ سەبىي، ئوماق تۇرقى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. مۇبادا، ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭغا بۆرىكىنى تەقدىم قىلىدىغان ئادەم بولغان بولسا، مېنى نېمە قىل دېسە رازى بولماسمىدىم؟

— مەن... مەن... ئويلىنىپ باقاي.

مەن چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچنى كۆتۈرۈپ، بۇ ئۆيدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەيلا قالدىم.

يول بويى كاللام قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بىر تەرەپتە سۇرەتتىكى قىزچاقنىڭ بىغۇبار چىرايى، بىر تەرەپتە سىڭلىمنىڭ سەكراتتىكى بىزگە تارتىشىۋاتقان ھالىتى... لېكىن، ئۇلار تونۇشمايدۇغۇ؟ مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئايالىمغا تېلېفون بەردىم، ئۇ دوختۇر ئىدى. ئۇ ماڭا نۇرغۇن خەۋپ - خەتەرنى تەھلىل قىلىپ بېرىپ، ئاخىرىدا:

— سىز بۆرىكىڭىزنى تەقدىم قىلىشنى قارار قىلىپ بولدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ ئاۋازىڭىزدىنلا جاۋابىڭىزنى بىلگەندەك بولدۇم، — دېدى.

كېيىن ئاپامغا تېلېفون قىلدىم. سىڭلىمدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولغانىدى. شۇڭا ئۇ بىر ئانىنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ھېس قىلالايتتى، تېلېفوننى قويۇۋېتىپ، جاۋابقا ئېرىشكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

ئەتىسى ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەگەر ماس كېلىدىغان بولسا، قىزىغا بۆرىكىمنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئايال خۇشاللىقىدا يىغلىۋەتتى.

كېيىنكى كۈنلىرىم دوختۇرخانىدا ئۆتتى. بۆرەك تەقدىم قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈش كېرەك ئىكەن. تەقدىر شۇنداق ئىكەن، ھەربىر تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتۈم. قان تىپىمىز تامامەن ماس كېلىدىكەن. ئوپېراتسىيە 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نۇرغۇن كىشى بۆرىكىمنى ناتونۇش بىرسىگە تەقدىم قىلغىنىمنى چۈشىنەلمىدى، بىراق ئوپېراتسىيەنى كۈتۈۋاتقان كۈنلەردە، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك بولۇپ كەتتۇق.

ئوپېراتسىيە ئۇتۇقلۇق بولدى. رىسانىڭ سۈرىتىدىكى تەبەسسۇمى يەنە ئەسلىگە كەلدى. مەن مال ساتقۇچىلىق خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

مەن ھەربىر ئىشىكنىڭ كەينىدە بىر پۇرسەت بارلىقىغا ئىشىنىمەن.



# ياپونىيەلىكلەر قانداق «تاۋلاندى»

چېڭ خۇي
مۇھەممەدئەلى ئەنۋەر تەرجىمىسى

مېنىڭ ئىسمىم چېڭ خۇي، بۇ يىل 29 ياشقا كىردىم. 2008 ـ يىلى مەن ياپونىيەدىكى خوككايدو ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شەھىرى ساپپوروغا كېلىپ، خوككايدو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا مېخانىكىلىق لايىھەلەش ـ ياسىمىچىلىق كەسپىدە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى باشلىدىم. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ياپونىيەدە قېلىپ، توكيو شەھىرىدىكى دۆلەت ھالقىغان شىركەتكە خىزمەتكە چۈشتۈم. شۇنداقلا، شۇ شىركەتتە ھازىرقى ئايالىم يوشىدا يۈمى بىلەن تونۇشتۇم.

ئىككىمىز تونۇشۇپ يېرىم يىلدىن كېيىن، توي قىلىشقا پۈتۈشتۇق. 2012 ـ يىلى چاغاندا مەن يۈمىنى يۇرتۇم ۋۇخەنگە ئەكېلىپ، ئاتا ـ ئانام بىلەن كۆرۈشتۈردۈم. مەيلى ئاتا ـ ئانام بولسۇن، ياكى ھەرقانداق نەرسىدىن قۇسۇر تېپىپ كۆنۈپ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بولسۇن، ئەدەپلىك، مۇلايىم «بولغۇسى كېلىن»نى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، دادام بىلەن ئاپام مېنى ئايرىم بىر ئۆيگە چاقىرىپ، ياپونىيەدىكى ئۆي باھاسىنى سورىدى. مەن ئۇلارغا توكيودىكى يېڭى ئولتۇراق رايونلاردا ئۆينىڭ ھەر بىر كىۋادرات مېترىنىڭ خەلق پۇلىدا 30 مىڭ يۈەنگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. گېپىمنى ئاڭلاپ بىچارە ئاتا ـ ئانامنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مەن ئۇلارنىڭ نېمىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. جۇڭگودا خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆي سېتىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئاتا ـ ئانام ئىككىلىسى ئاددىي خىزمەتچى بولغاچقا، بۇ قەدەر يۇقىرى ئۆي باھاسىنىڭ ئۇلارنى چۆچۈتۈۋېتىشى مۇقەررەر، ئەلۋەتتە.

ياپونىيەگە قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، دادام ـ ئاپام مېنى ھۇجرىسىغا چاقىرىپ، بىر دانە بانكا كارتىسىنى ماڭا تەڭلىدى ھەم:

— بالام، بۇ كارتىدا 600 مىڭ يۈەن پۇل بار، تاپقان ـ تەرگىنىمىز شۇنچىلىك ئىكەن. ياپونىيەگە قايتقاندىن كېيىن، بانكىدىن قەرز ئېلىپ بولسىمۇ ئۆي ئېلىشنىڭ غېمىنى قىل،

ئاندىن دەرھال تويىنىڭ ئىشىنى بېكىتىۋەت. بولمىسا بىز خاتىرجەم بولالمايمىز، — دېدى.

ئۆزى يېنىك، ئەمما ۋەزنى ئېغىر بۇ كارتىنى تۇتقىنىمچە، ئاتا ـ ئانامنىڭ بىر ئۆمۈر تارتقان جاپالىرى، شۇنداقلا سان ـ ساناقسىز ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان زىيادە توي سىپلىقلىرى خىيالىمنى چۇلغىۋالدى. ئاتا ـ ئانامنىڭ يېمەي ـ ئىچمەي يىغقان پۇلىنى ماڭا بەرگەنلىكىدىن تەسىرلەندىممۇ، ياكى بىزنى ئۆز ئىقتىدارىمىزدىن زىيادە ھالقىپ كەتكەن ماددىي نىشانلارغا باغلاپ قويۇۋاتقان «ئەنئەنە»لىرىمىزدىن غەزەپلەندىممۇ ئەيتاۋۇر، كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى.

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەن يۇمىنىڭ ئۆيىگە «قىز سوراپ» باردىم. خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، مەن بولغۇسى قېيىنئاتامغا قىممەت باھالىق چاي، بولغۇسى قېيىنئانامغا قاشتاش بىلەزۈك، شۇنداقلا يۇمىغا بېرىدىغان ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدىم.

مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، مېڭىبىر تەسەللىكتە كېلىش مۇددىئايىمنى ئېيتتىم. لېكىن، يۇمىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەن دەسلەپ تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك ھاياجانلىنىپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل «سوغۇق» مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز «ئۇلارنىڭ دىتىغا ياققۇدەك بىر نەرسە ئالالمىغان ئوخشامدىمەن؟» دەپ ئويلاپ قالدىم.

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى مەن مېڭىشقا تەمشەلگەندە چىقتى. ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا، يۇمىنىڭ ئاپىسى مەن ئەكەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ:

— توي قىلىش قارارىنى سىلەر ئۆزۈڭلار چىقارغان. بىز يۇمى ئىككىڭلارغا چىن دىلىمىزدىن بەخت تىلەيمىز. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ يۈرمەڭ. بىز لازىملىق نەرسىلەرنى ئۆزىمىز سېتىۋالىمىز، — دېدى.

بولغۇسى قېيىنئانامنىڭ سۆزلىرىدىن يۈزلىرىم قىزىرىپ، ھاپىلا ـ شاپىلا خوشلىشىپلا تىكىۋەتتىم.

كېيىن يۇمىدىن ئۇقسام، ياپونىيەدە بولغۇسى قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلارنى يوقلىغاندا، ئادەتتە سوۋغا ـ سالاملارنى ئاپىرىشلا كۇپايە قىلىدىكەن. بەك قىممەت باھالىق نەرسىلەر سوۋغا قىلىنسا، ئۇلار «بولغۇسى كۈيئوغلىمىز بىزنى نامرات كۆرۈۋاتقان ئوخشايدۇ. بۇنچە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئەكەلگۈدەك، بىز يا ئۇنىڭغا قىزىمىزنى ساتمىساق» دەپ ئويلايدىكەن. بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، «ھەشەمخور»لۇقۇمدىن نومۇس قىلىپ قالدىم. كېيىن، ئۇلارنى يوقلاپ بارغاندا، ئاساسەن بىرقانچە خىل مېۋە ياكى بىرەر دەستە گۈللا ئېلىۋالىدىغان بولدۇم.

يۇمى ئىككىمىزنىڭ توي ئىشى ئاساسەن بېكىتىلدى. لېكىن، مەن تېخىچە ئۆي سېتىۋالالمىغاندىم. چۈنكى، ئۆزۈم يىغقان، ئاتا ـ ئانام بەرگەن پۇللارنى جەملىسەممۇ ئۆي سېتىۋېلىشقا كېرەك پۇلدىن بەكلا ئاز ئىدى. مەن ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، يۇمىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئۆي سېتىۋېلىش ئىشىنى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ، ۋاقتىنچە ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشىمىزغا قوشۇلىدىغان ـ قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىماقچى بولدۇم.

مېنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇرغىنى، يۇمىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆي سېتىۋېلىش ھەققىدىكى پىلانىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى بىر قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغاندەك چۆچۈگىنىچە:

— توي قىلغانلار چوقۇم ئۆي سېتىۋېلىشى كېرەكمىكەن؟ سىز ھازىرمۇ ئۆي ئىجارە ئېلىپ تۇرۇۋېتىپسىز، تويدىن كېيىن ئىككىڭلار

داۋاملىق ئىجارە ئۆيدە ئولتۇرساڭلار، ئىقتىسادىي بېسىمىڭلار ئېشىپ كەتمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ئۆزىڭىزنى بۇنداق قىينىماقچى بولىسىز؟ — دېدى.

مەن بۇ قېتىم ھەيرانلىقىمنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم. توۋا! جاھاندا مۇنداقمۇ ئاتا - ئانىلار بولىدىكەن - ھە؟!

تويدىن كېيىن يۇمىدىن ئۇقۇشۇمچە، توكيودىكى ياشلارنىڭ 90% تىن كۆپرەكى بىر ئۆمۈر ئۆينىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتۈشنى خالىمىغاچقا، تا ئۆي سېتىۋېلىشقا قۇربىتى يەتكۈچە ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرىدىكەن. قېيىنئاتام يوشىدا ئىچىرومۇ 40 ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئۆي سېتىۋاپتىكەن. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۆي، تويلۇق دېگەندەك باش ئاغرىتقۇلۇقلاردىن قۇتۇلۇپ، ئاسانلا تويۇمنى قىلىۋالدىم.

## «ئىشتىن قاچىدىغان» قېيىنئانام

تويدىن كېيىن، چوڭلارنىڭ ھالىدىن ياخشىراق خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، بىز قېيىنئاتا - قېيىنئاناملارنىڭ ئۆيى بار مەھەللىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدۇق. ئۈچ ئايدىن كېيىن، ئايالىم ئوساكاغا كاماندىروپكىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي ئۇدۇللا چوڭ ئۆيگە كىردىم. چۈنكى، مېنىڭ تىپىك جۇڭگوچە تەپەككۇرۇمدا، ئايال ئۆيدە يوق ئەھۋالدا، تاماقنى قېيىنئاتا - قېيىنئانىلارنىڭ ئۆيىدە يېيىش بەك نورمال ئىش ئىدى. ھالبۇكى، مېنىڭ تويۇقسىزلا كەلگىنىمنى كۆرگەن قېيىنئانام ھەيران بولدى - يۇ، يەنىلا ئەدەپ يۈزىسىدىن يېگۈدەك بىرنەرسە تەييارلاپ بەردى. مەنمۇ كۆپ رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىپ قايتىپ چىقتىم. ئەتىسى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، يەنە چوڭ ئۆيگە چاپتىم. لېكىن، بۇ قېتىم قېيىنئانام ماڭا ئانچە چىراي ئېچىپ كەتمىدى ھەم سوغۇق ئاھاڭدا:

— سىز نېمىدەپ ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويمايلا كېلىۋېرىسىز؟ — دېدى.

مەن بۇ سوئالدىن ھاڭ - تاڭ بولغىنىمچە:

— مەن ... مەن ... شۇ ... يۇمى كاماندىروپكىغا كەتكەن. ئۆزۈم يالغۇز بولغاچقا، تاماقنى چوڭ ئۆيدە يەي دەپ ... — دېگەنلەرنى ئارانلا دېيەلىدىم.

مەن كۆڭلۈمدە «قېيىنئانام چوقۇم بۇ گەپلەردىن يۇمشاپ، مېنى ئۆيگە كىرىپ تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىل ئاھاڭدا:

— كەچۈرۈڭ، ھازىر سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلالمايمەن. تاماق مەسىلىڭىزنى ئۆزىڭىز ھەل قىلىپ تۇرۇڭ. كېلەر قېتىم كېلىشتىن ئاۋۋال خەۋەر قىلىپ قويارسىز، — دېدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن يۇمى قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن ئىشنى دەپ بەرسەم، ئۇ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە:

— ياپونىيەدە ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئېرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش. كۆيۈ ئوغلى ئۇلارنىڭ خىزمەت قىلىش دائىرىسىدە ئەمەس، — دېدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن، يۇمى ئىككىمىز ئىمكانقەدەر چوڭلارنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنى بۇزماسلىققا تىرىشتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي، يۇمى قورساق كۆتۈرگەچكە، خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. مەن ئاجايىپ خۇشاللىققا چۈمدۈم.

لېكىن، دەل شۇ كۈنلەردە، خىزمىتىم پەۋقۇلئاددە ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، يۇمىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ بولالمىدىم. شۇڭا يەنە ئامالسىز قېيىنئانامغا توختىماي تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا يۇمىغا ياخشىراق قاراپ قويۇشىنى، ئۇنى تۇغۇت تەكشۈرۈشكە ئاپىرىشىنى،

ئۇنىڭغا قوۋۋەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىشنى جېكىلىدىم. قېيىنئانام دەسلەپتە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولغان بولسا، بىر مەزگىلدىن كېيىن مەندىن رەنجىشكە باشلىدى ھەم بىر كۈنى:

— سىز ئۇنىڭ ئېرى تۇرۇقلۇق، ئىككى قات ئايالىڭىزنى ماڭا تاشلاپ بەرگىنىڭىز نېمىسى؟ بۇ دېگەن سىزنىڭ مەجبۇرىيىتىڭىز، — دېدى.

بۇ گەپكە بەكلا ئاچچىقىم كېلىپ، «ئەگەر جۇڭگودا بولسا، قايسىبىر ئانا قورساق كۆتۈرگەن قىزىغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇردۇم.

2014 - يىلى 3 - ئايدا قىزىمىز خونوكا تۇغۇلدى. ئاتا - ئانام نەۋرىسىنى كۆرگىلى كەلگەن بولسىمۇ، تىل، مەدەنىيەت جەھەتتىكى نورغۇن پەرقلەر تۈپەيلى، ئۇزاق تۇرمايلا قايتىپ كەتتى. يومىنىڭ قىرىقى توشقاندىن كېيىن، قېيىنئانام بىزنىڭ ئۆيگە كەمدىن - كەم كېلىدىغان بولۇۋالدى. جاپاكەش ئايالىم بالىغا قاراش، تاماق ئېتىش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇنچە جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىرنەچچە قېتىم:

— قېيىنئانامنى چاقىرايلى، بەربىر ئۇنىڭ باشقا ئىشى بولمىغاندىن كېيىن، سىزگە ياردەملىشىپ بالا بېقىشىپ بەرسۇن، شۇنداق قىلسا ئۆزىمۇ زېرىكىپ قالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېسەم، يومى بېشىنى چايقاپ:

— بۇ بالىنى چوڭ قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، ئاپام پەقەت دادامنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلسىلا بولدى، — دېدى.

## «ئوغلۇق» قېيىنئانام

مەن قېيىنئانامنىڭ سوغۇق مىجەزلىكىدىن ۋايساپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. 2014 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەت جەريانىدا ئازراق ۋەقەگە يولۇقۇپ، پۇتۇم سۇنۇپ كەتتى. بالا بېقىش، مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىش، يەنە باشقا بارلىق ئىشلارنىڭ يومىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇنداقلا قېيىنئانامدىن ياردەم كۈتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاتا - ئانامنى جۇڭگودىن چاقىرىپ كەلمەكچى بولدۇم. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن قېيىنئانام بىزنى يوقلاپ كېلىپ، مەندىن ناھايىتى قىزغىن ئەھۋال سورىدى ھەم پۇتۇم ساقايغۇچە قىزىمىز خونوكانى ئۆزى بېقىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يومىغا مېنىڭ ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تەكرار جېكىلىدى. تويۇقسىز قىلىنغان بۇ «ئىلتىپات»تىن ئېسىمنى يوقىتىپ، قېيىنئانامنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىشىگە ھەيران بولدۇم.

قېيىنئانام مېنىڭ ھەيران قالغىنىمنى بايقىغان بولسا كېرەك، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ئۆزۈڭلارغا تەۋە ئىش بولسا، مەن ھەرگىز ياردەم قىلمايمەن. لېكىن، يومى قىيىنچىلىققا يولۇقسا قاراپ تۇرالمايمەن، ئۇ دېگەن مېنىڭ قىزىم، مەن مەڭگۈ ئۇنى سۆيىمەن، — دېدى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن، پۇتۇم تەلتۆكۈس ساقىيىپ، قايتىدىن ئىشقا چۈشتۇم. قېيىنئانامۇ قىلچە ھايال بولماي، خونوكانى شۇ ئان بىزگە قايتۇرۇپ بەردى.

بىز يەنە پۇتۇنلەي ئۆزىمىزگە تايىنىدىغان تۇرمۇش رىتىمىغا كىردۇق. چوڭلارنىڭ ياردىمى بولمىسا، كۈنلىرىڭىز جاپالىق ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشقا پىشىدىكەنسىز، مەسئۇلىيەت تۇيغۇڭىزمۇ كۈچىيىدىكەن. مەن بۇ جەرياندا تاماق ئېتىشنى، بالىغا قاراشنى خېلى ئۆگىنىپ قالدىم. ئانچە - مۇنچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرسەم، يومى ئاجايىپ

# ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىم

داۋىد ئوۋېن [ئامېرىكا]
قەدىرىيە ئەكرەم تەرجىمىسى

ۋاتسېن ئەپەندى مېنىڭ 6 ـ يىللىقتىكى ئىلىم ـ پەن ئوقۇتقۇچىم ئىدى. ئۇ ئۆزگىچە خاس خاراكتېرگە ئىگە ئادەم، ئوقۇتۇش ئۇسۇلمۇ قالتىس. دائىم كىشىلەر ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ تۇنجى سائەتلىك دەرستە بىزگە «مۇشۇكسىمان كىرپە» دېگەن ھايۋاننى تونۇشتۇرغانىدى. ئۇ بۇ ھايۋاننىڭ كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، مۇ-

تەسىرلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ياپونىيەدە ئەر ـ ئايالنىڭ ئىش تەقسىماتى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئەرلەر ئۆي ئىشلىرىغا ئاساسەن قول تىقمايدىكەن.

ئائىلىمىز مېنىڭ ماناشىمغىلا قاراشلىق بولغاچقا، مەن خىزمەتنى ئىنتايىن تىرىشىپ ئىشلىدىم ھەم ئۇزاق ئۆتمەيلا بۆلۈم باشلىقى بولدۇم. شۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندە، مېنى بىر قوللۇق «تاۋلاپ» چىققان قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىمغا كۆڭلۈمدە رەھمەت ئېيتتىم.

لېكىن، «تۇغۇلغاننىڭ ئۆلمىكى، يىغلىغاننىڭ كۈلمىكى بار» دېگەندەك، تۇرمۇش دېگەندە مەڭگۈ ئېجىل ـ ئىناق ئۆتمەن دېگىلى بولمايدىكەن. يۇمى ئىككىمىز مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقىتلاردا ياخشى ئۆتسەكمۇ، گاھىدا تالاش ـ تارتىشلاردىن مۇستەسنا بولالمىدۇق. ھەتتا، بىر قېتىم يۇمى يامانلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەتتى.

ھىت ئۆزگىرىشكە ماسلىشالمىغانلىقتىن نەسلى قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ سۆزلىگەچ بىزگە ئۇ ھايۋاننىڭ باش سۆڭىكىنى كۆرسەتكەن، بىز ھەممىمىز ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇرغانىدۇق. ئاخىرىدا ئۇ شۇ دەرسلىك دەرستىن سىناق ئالغانىدى.

ئۇ سىناق نەتىجىسىنى تارقىتىپ بەرگەندە، ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى، ھەربىر جاۋابىمنىڭ ئارقىسىدا قىزىل رەڭلىك خاتا بەلگىلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. يەنە... يەنە تېخى نۆل نومۇر ئالغانىدىم! بۇ...بۇ قانداق گەپ؟ مەن جىمى سوئالغا دەرس ۋاقتىدا قالدۇرغان خاتىرە بويىچە جاۋاب بەرگەن تۇرسام. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەيران قالغىنى مەنلا ئەمەس، بەلكى سىنىپتىكى ھەممىمىز نۆل نومۇر ئالغانىدۇق.

مەن بۇ ئىش چاتاق بولدى، دەپ ئويلاپ تۇرسام، ئويلىمىغان يەردىن شۇ كۈنىلا قېيىنئانام يۇمىنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە كەلدى. ئۇ ماڭا تاپا ـ تەنە قىلمايلا قالماي، مېنىڭ ئالدىمدا يۇمىغا: «ئۆزۈڭدىكى ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، ئېرىڭنى رازى قىلالىغىنىڭدەك ياخشى ئايال بولۇشقا تىرىش» دېگەندەك گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى. يۇمى ئىككىمىز ئاسانلا يارىشىپ قالدۇق.

ياپونىيەدە ياشىغان شۇنچە يىلدىن بېرى، بۇ يەردىكى قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلارنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئاساسەن چۈشىنىپ يەتتىم. ئۇلار بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىۋالماي، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەسئۇلىيىتىنى تونۇتۇشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدىكەن. ياپونىيەلىكلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق، تىرىشچانلىق قاتارلىق جەھەتلەردە پۈتۈن جاھانغا مەشھۇر ئىكەنلىكى چوڭلارنىڭ مۇشۇنداق «تاۋلىشى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

— بۇ مەسىلە تولىمۇ ئاددىي، — دېدى ۋاتسېن ئەپەندى، — مۇشۇكسىمان كىرپىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارنى مەن ئويدۇرۇپ چىقارغان. بۇنداق هايۋان ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. شۇڭا خاتىرە دەپتىرىڭلارغا يازغىنىڭلارنىڭ هەممىسى خاتا، ساختا ئۇچۇر. ئەجەبا، سىلەرنىڭ خاتا ئۇچۇردىن چىقارغان خاتا جاۋابىڭلارغا مەن يەنە نومۇر بېرىشىم كېرەكمىدى؟

شۇ چاغدا پۈتۈن سىنىپتىكىلەرنىڭ ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغانلىقىنى سۆزلەش بىھاجەت، ئەلۋەتتە.

بۇ قانداق سىناق؟ بۇ زادى قانداق مۇئەللىم؟

هالبۇكى، ۋاتسېن ئەپەندى نارازىلىقلىرىمىزغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ، هەربىر ئادەم چوقۇم مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، توغرا - خاتانى ئايرىيالايدىغان هەم مەسىلىلەرگە گۇمانىي نەزەردە قارىيالايدىغان بولۇشى كېرەك، دېدى. ئەينى چاغدا بىزگە كۆرسەتكىنىنىڭ مۇشۇكنىڭ باش سۆڭىكى ئىكەنلىكىنى هەممە شۇ قېتىملىق دەرسخانىدا هازىرغا قەدەر دۇنيادا بۇ هايۋاننىڭ ئىزى بايقالمىغانلىقىنى ئەسكەرتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنداقتا بۇ باش سۆڭىكى نەدىن كەلگەن؟ ئەينى چاغدا ئارىمىزدا بىرەرىمىزمۇ ئۆزىمىزگە بۇ سوئالنى قويۇپ باقمىغانىدۇق.

— ئەمەلىيەتتە مەن ئاشكارىلىغان ئۇچۇرلار خېلى كۆپ، مۇشۇكسىمان كىرپە دېگەن بۇ ئىسىممۇ ناهايىتى غەلىتە، لېكىن هەممىڭلار بۇنىڭغا ئىشەندىڭلار، — دەپ تورۇۋالدى ئۇ.

بۇ قېتىملىق سىناق نەتىجىسى هەربىرىمىزنىڭ نەتىجە كۆرسەتكۈچىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇ بىزنىڭ بۇ «شەرەپلىك» نۆل نومۇردىن ئىبرەت ئېلىشىمىزنى، كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىزنى، يېڭى مەسىلىلەرنى بايقىغاندا چوقۇم ئوتتورىغا قويۇشىمىزنى ئېيتتى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم - پەن دەرسى بىز ئۈچۈن بىر راست - يالغاننى ئايرىيدىغان «سوپەت باھالاش ئۆتكىلى»گە ئايلاندى. ۋاتسېن ئەپەندى دائىم بىزگە هەر خىل ئۇچۇرلارنى بېرەتتى. بەزىدە، ئۇنىڭ توغرا دەپ قارىغان نەزەرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، بىز هەتتا دەرستىن سىرتقى نەچچە سائەت ياكى نەچچە كۈن ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىپ ئويلىنىدىغان، بەس - مۇنازىرە قىلىشىدىغان بولدۇق. ئەلۋەتتە، ئەنە شۇنداق قىزىقارلىق هەم كىشىنى هاياجانغا سالىدىغان جەريانلارنىڭ تۈرتكىسىدە نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى، كىتاب ۋە نوپۇزغا قارىغۇلارچە ئىشەنمەيدىغان بولدۇق، نورغۇن ھەقىقەتنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدۇق.

جۈملىدىن، ۋاتسېن مۇئەللىمنىڭ دەرسى بىزگە ئۆمۈرۋايەت نەپ بېرىدىغان ياخشى دەرس بولدى.



# كۆچمە مۇزدىكى سەرگۈزەشتىلەر

خاف .B.كاۋبي [دانىيە]
ئەخمەت ئابدۇۋەلى تەرجىمىسى



ئاغزىغا بىر چىشلەم نەرسە سالمىغىنىغا ئۈچ كۈن بولغان كۈنى كەچتە، نونىنىڭ خىيالىغا نىماك كەلدى. دېڭىزدا لەيلەپ تۇرغان بۇ كۆچمە مۇز ئۈستىدە ئۇ ئىككىسىدىن باشقا ھېچقانداق جانلىق يوق ئىدى.

مۇز پارچىسى يېرىلغاندا، نونى چانىسىنى، چانىسىغا بېسىلغان يېمەكلىكنى، جۇۋىسىنى، ھەتتا قەلەمتىرىشىنى يوقىتىپ قويدى. ئەمدى بۇ كۆچمە مۇز ئۈستىدە نونى ۋە ئۇنىڭ ساداقەتمەن چانا ئىتى — نىماكلا قالدى. ئۇلار ئىككىسى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىر ـ بىرىگە تىكىلگىنىچە، ئارىلىق ساقلاپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

نونى نىماكنى چىن دىلىدىن ياقتۇراتتى، بۇ خىل ھېسسىيات شۇ تاپتىكى ئاچلىققا، سوغۇققا قىنىاۋاتقان قاراڭغۇ كېچىگە ۋە يارىلانغان پۇتىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقىنىغا ئوخشاشلا چىن ئىدى. لېكىن، كەنتتىكىلەرمۇ يەيدىغان نەرسە تاپالمىغاندا، ئىككىلەنمەي ئىتلارنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشىدۇغۇ؟ ئەجەبا...

نونى «مەنغۇ بىر ئادەم، ئەمما نىماك ئېچىرقاپ كەتسە، مەندەك ئارتۇق خىيال قىلىپ ئولتۇرماي، يەيدىغان نەرسە تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن، بۇ مۇز ئۈستىدە يېگۈدەك نېمە بار؟ بىرسىمىز چوقۇم يەنە بىرسىمىزگە يەم بولىدىغان بولدۇق» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

نىماكنى قورۇق قول ئۆلتۈرگىلى بولمايتتى، بۇ جانىۋارنىڭ جۇغى خېلىلا يوغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نونى ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ كەتكەن ئەھۋالدا، بىرەر قورال بولمىسا، نىماك بىلەن تۇتۇشالمايتتى.

نونى يەلىيىنى سىلىۋېتىپ، يارىلانغان پۇتىغا ئورالغان بىنتنى يەشتى. بىرقانچە ھەپتە ئىلگىرى ئۇنىڭ پۇتى يارىلانغاندا، ئىككى پارچە ياپىلاق تۆمۈرنى پۇتىغا تېڭىپ بىنت بىلەن ئوراپ، يارىلانغان جاينى مۇقىملاشتۇرۇپ قويغانىدى.

ئۇ مۇزدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىر پارچە تۆمۈرنى مۇز يېرىقىغا قىستۇرۇپ يەنە بىر پارچىسىنى سۈركەپ ئاستا ـ ئاستا بىلىدى.

نىماك ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. نونى نىماكنىڭ ئىككى كۆزىدىن قەھرلىك بىر نۇرنى كۆرگەندەك بولدى ـ يۇ، تۆمۈر پارچىسىنى بىلەۋەردى. لېكىن، ئىمكانقەدەر نېمە ئۈچۈن بىلەۋاتقانلىقىنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى. تۆمۈر پارچىسى بىلىنىپ نېپىزلەپ، كىچىك پىچاققا ئايلاندى. نونى مۇز يېرىقىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، بىسىغا بارمىقىنى تەگكۈزۈپ سىناپ باقتى. قوياش نۇرى پىچاق بىسىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقناتتى. نونى قەتئىي قارارغا كەلدى.

ـــ بۇياققا كەل، نىماك، ـــ ئۇ ئىتتىنى پەس ئاۋازدا چاقىردى. نىماك دىلىغۇل بولغان هالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

ـــ بۇياققا كەل، ـــ نونى داۋاملىق چاقىردى.

نىماك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. نونى بۇ جانىۋارنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قورقۇنچ ئالامەتلىرىنى كۆردى. ئۇنىڭ هاسىراشلىرى ۋە تۆكۈلۈپ تۇرغان قىياپىتىدىن ئاچلىق ئازابى تارتىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. نونىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، ئۆزىگە نەپرىتى قوزغالغان بولسىمۇ، بۇ تۇيغۇسىنى زورىغا بېسىۋالدى.

نىماك نونىغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى، ئۇ نونىنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئىتنىڭ كۆزلىرىگە تولغان ئازاب ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، نونىنىڭ بوغۇزىغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى.

بەس! قول سالىدىغان ۋاقىت كەلدى!

ئىتنىڭ ئىڭرىغاندەك چىققان هەسرەتلىك ئاۋازى تېزلىنىپ ئۆلتۈرغان نونىنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، دەلدەڭشىگەن پېتى پىچاقنى يىراققا چۆرۈۋەتتى. ئارقىدىن غۇلچىنى كېرىپ، ئاقسىغىنىچە نىماكقا ئۆزىنى ئېتىپ، يىقىلىپ چۈشتى. نىماك نونىنى ئايلىنىپ پىرقىرىدى، ئۇنى يۇراپ قاۋاپ كەتتى.

نونى ئاجايىپ ۋەهىمىگە چۈمدى.

ئۇ قورالىدىن ئايرىلىپ قالدى. بەك هالسىزلىنىپ كەتكەچكە، ئۆمىلەپ بېرىپ پىچاقنى ئېلىشكىمۇ مادارى قالمىدى. ئەمدى نىماك ئۇنى نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نىماكمۇ بەك ئېچىرقاپ كەتكەندى.

نىماك ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەۋەردى. ئاندىن ئېتىلغىنىچە نونىغا يېپىشتى. نونى بۇ جانىۋارنىڭ نېمىلەرنىدۇر يالماپ يۇتۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

نونى كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئۆزىگە «ئاسان ئۆلۈم» تىلىدى. ئۇ ئىتنىڭ ئۆزىنىڭ يۇتىسىغا دەسسەپ تۇرغانلىقىنى، هاسىراپ نەپەس ئالغاندا چىققان ئىسسىق هاۋانىڭ بويىنىغا ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى غۇۋا هېس قىلدى. نونى هەرقاچان چىرقىراشقا تەييارلىنىپ تۇردى. ئەمما، بىرئازدىن كېيىن ئىتنىڭ قىزىق تىلى نونىنىڭ مۈزدەك يۈزىگە تەگدى.

نونى كۆزلىرىنى ئېچىپ، قوللىرىنى سوزۇپ، نىماكنىڭ بېشىنى قۇچاقلىدى، ئىككىسى باشلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېقىپ يېتىشتى، نونى پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى...

بىر سائەتتىن كېيىن، شىمال ئاسمىنىدا بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان پەيدا بولدى. ئايروپىلاندىكى دېڭىز چارلىغۇچى يىگىت كۆچمە مۇز ئۈستىدە قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ يالتىراپ تۇرغانلىقىنى ۋە نېمىنىڭدۇر قارىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

يىگىت ئايروپىلاننى تەكشى مۇز تۈتقان بىر جايغا قوندۇرۇپ، كۆچمە مۇزغا چىقتى. ئۇ كۆرگەن قارا نەرسە بىر ئوغۇل بالا ۋە بىر ئېسكىموس چانا ئىتى ئىدى. ئوغۇل بالا هوشسىز بولسىمۇ، تىنىقى بار ئىدى. ئاجىزلاپ مىدىرلىغۇدەك ماغدۇرى قالمىغان ئىتمۇ ئىڭراپ ياتاتتى.

چارلاش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان نەرسە نونى تاشلىۋەتكەن هېلىقى پىچاق ئىدى، يېقىنلا يەردە مۇزغا سانجىقلىق تۇرغان بۇ پىچاق شامالدا يېنىك لىڭشىپ تۇراتتى...



## قالتىس ئەر

جۈرە ئىزدەۋاتقان بىر جۇپ قىز ـ يىگىت كۆرۈشۈپتۇ.

— ئۆيىڭىز بارمۇ؟ — سوراپتۇ قىز.

يىگىت دەرھال ئۆي ـ مۈلۈك گۇۋاھنامىسىنى چىقىرىپتۇ.

— ھەم، ماشىنىڭىزچۇ؟

يىگىت دەرھال پىراۋىسىنى، ماشىنىنىڭ ئالاقىدار رەسمىيەتلىرىنى چىقىرىپتۇ.

— ئايروپىلانىڭىز بار بولغان بولسا، ئاجايىپ قالتىس ئىش بولاتتى ـ دە!

يىگىت دەرھال ئايروپىلان پىراۋىسىنى كۆرسىتىپتۇ.

— پاھ! قالتىسكەنسىز جۇمۇ! ئۇنداقتا، پويىزمۇ ھەيدىيەلەمسىز؟

يىگىت شۇئان پويىزنىڭ پىراۋىسىنى كۆرسىتىپتۇ.

— سىز راستلا مەن ئىزدەپ يۈرگەن شاھزادە ئىكەنسىز. ئېيتىڭچۇ؟ سىز زادى نېمە خىزمەت قىلىسىز؟

— مەخسۇس يالغان كىنىشكا ياسايمەن، — دەپتۇ يىگىت تەمكىنلىك بىلەن.

## ياخشى ئۆلگە

توماس ئۆزى يېقىن ئۆتىدىغان بىر نەچچە ئائىلىك كىشىلەرنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. مېھمانلار تولۇق كېلىپ بولغاندىن كېيىن، توماسنىڭ ئايالى بەش ياشلىق قىزى جېسسىكاغا:

— قىزىم، تاغا ـ ھەدىلىرىڭىزنىڭ شەرىپىگە بىر نەچچە ئېغىز تەبرىك سۆزى قىلىپ بەرمەمسىز؟ — دەپتىكەن، قىزى:

— مەن يا نېمە دېيىشنى بىلمىسەم، — دەپ غودۇراپتۇ.

بۇ چاغدا توماسنىڭ بىر يازغۇچى دوستى جېسسىكاغا:

— ئاپىڭىز گەپكە بەك ئۇستا، سىز ئاپىڭىز ئادەتتە دەيدىغان گەپتىن بىرنەچچىنى دېسىڭىزلا بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ھەم، ماقۇل ئەمسە، — جېسسىكا شۇنداق دېگەچ گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى باشلاپتۇ، — ئاھ، خۇدا! شۇنچە پۇل بۇزۇپ مېھمان چاقىرىمىز دەپ نېمە ئىشمۇ قىلارىدۇق؟ ھارغۇزۇپ جېنىمنى چىقاردى بۇ بىرنېمىلەر...

...

## پىراكتىكانتلار

تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دوختۇرخانىغا پىراكتىكا قىلغىلى كەپتۇ. مۇدىر ۋىراچ ئۇلارنى كېسەلخانىغا باشلاپ ماڭغاچ:

ـ بىر ئازدىن كېيىن بىمارلارنىڭ يېنىغا كىرگەندە، كېسەللىك ئەھۋالىنى جەزملەشتۈرەلىسەڭلار بېشىڭلارنى لىڭشىتىڭلار، جەزملەشتۈرەلمىسەڭلار بېشىڭلارنى چايقاڭلار، ـ دەپتۇ.

كېسەلخانىغا كىرگەندىن كېيىن، پىراكتىكانت A بىر بىمارغا بىرھازا قارىغاندىن كېيىن، بېشىنى چايقاپتۇ. ئارقىدىن پىراكتىكانت B مۇ ئوخشاشلا بېشىنى چايقاپتۇ. مۇدىر ۋىراچ بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتە تۈزۈك ئوقۇمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەپسۇسلانغىنىچە بېشىنى چايقاپ، كېسەلخانىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ مېڭىپتىكەن، ھېلىقى بىمار شۇئان سورەن ـ چوقان سېلىپ:

— ئۇنداق قىلماڭ، دوختۇر، مېنى چوقۇم قۇتقۇزۇۋېلىڭ، مېنىڭ بۇنداقلا ئۆلگۈم يوق، — دەپتۇ.

# ھەجۋىي رەسىم ئۇستىسى ۋالىنتىن درۇزىنىن ئەسەرلىرىدىن









# ئېلىمىز پۇقرالىرى ئارىسىدىكى «مودا ئېقىم»لارغا نەزەر

خەن ياڭ
ئوغۇزجان ئەنۋەر تەرجىمىسى

تېز تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق بىر دۆلەت چوقۇم ھەر ۋاقىت ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بايقاپ، تۈزىتىپ تۇرۇشى زۆرۈر. چۈنكى، بىر دۆلەت ۋە ئۇنىڭ خەلقى ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالمىسا، ئاسانلا توغرا يۆنىلىشنى يوقىتىپ قويىدۇ، يۈكسىلىش پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ، بىر ئىزىدا تۇرۇپ قالىدۇ. مەزكۇر ماقالە ئېلىمىز پۇقرالىرى ئارىسىدىكى مودىغا ئايلانغان قىسمەن زۆرۈرىيەتسىز يۈزلىنىشلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ، چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

خوش، ئۇنداقتا نۆۋەتتە ئېلىمىز پۇقرالىرى ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك «مودا» بولۇۋاتقان، ئەمەلىيەتتە ئانچە زۆرۈر بولمىغان كوللېكتىپ يۈزلىنىشلەر قايسى؟ بۇ مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟

## 1. قارىغۇلارچە پاي چېكى ئويناش

پاي چېكى 1602 - يىلى گوللاندىيەدە پەيدا بولۇپ، 20 - ئەسىردە ئامېرىكىدا يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئېلىمىزدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا كەلگەندە شاڭخەي، شېنجېن ئىككى شەھەردە رەسمىي پاي چېكى بازىرى ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل مابەينىدە ئېلىمىز پاي چېكى بازىرىدا كۆپلىگەن «پېشۋالار» بارلىققا كېلىپ، پاي چېكى سودىسى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يېنىنى تومپايتتى.

جۇڭگو ئائىلىۋى پۇل مۇئامىلە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات مەركىزى (CHFS) نىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2015 - يىلىنىڭ ئىككىنچى پەسلىدە ئېلىمىزدە 8.8%، يەنى 37 مىليون ئائىلە پاي چېكى ئوينىغان.

37 مىليون ئائىلە پاي چېكى بازىرىغا كىردى، دېگەنلىك نۆۋەتتە پاي چېكى بازىرىدا كەم دېگەندىمۇ 100 مىليونغا يېقىن پايچى بار دېگەنلىك. جۇڭگودا پاي چېكى ئۆرلىگەن ۋاقىتلاردا پاچ چېكى بازىرىنىڭ ھەر كۈنلۈك كاپىتال سوممىسى 1 تىرىليون (1000 مىليارد) دىن ئېشىپ كەتتى. ئېلىمىزنىڭ A پاي بازىرى دۇنيادىكى قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ جىق، كاپىتال سوممىسى ئەڭ زور كاپىتال بازىرىغا ئايلىنىپ، جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ياۋروپا پاي چېكى بازىرىنى مىسالغا ئالساق، ئۇششاق پايچىلار ئاساسەن پاي چېكى بازىرىغا بىۋاسىتە كىرمەيدۇ؛ ئامېرىكا پاي چېكى بازىرىدىكى ئۇششاق پايچىلارنىڭ نىسبىتىمۇ ئېلىمىز A پاي بازىرىدىكىدىن خېلىلا تۆۋەن. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا پاي چېكى بازىرىدىكى شەخسىي مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى مەبلىغىنى ئورتاق فوند، ھاۋالە فوندى قاتارلىق مەبلەغ سېلىش ئورگانلىرى ۋە پاي چېكى شىركەتلىرىگە ھاۋالە قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇلنىڭ ياخشى تەرىپى شۇكى، سىستېمىلاشقان پاي چېكى ئورگانلىرى مەبلەغ سېلىشقا تېخىمۇ ماھىر بولغاچقا، پاي چېكى بازىرىدىكى قىسمەن داۋالغۇشقا قاراپلا، زور كۆلەمدە پاي چېكىنى تۆكمە قىلىپ سېتىش ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ.

ئېلىمىزدىكى پاي چېكى بازىرىغا كىرگەن

ئائىلىلەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ10% ىگە يېقىنلىشىدۇ. ئەگەر ئېلىمىز پاي چېكى بازىرى ساغلام تەرەققىي قىلالمىسا ۋە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان قائىدىسىز قىلمىشلار چەكلەنمىسە، پاي چېكى بازىرىدا داۋالغۇش يۈز بەرگەن ھامان كاپىتال بازىرى ۋە پۈتۈن ئىقتىسادىي گەۋدىگە، جەمئىيەتكە تەڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

پاي چېكى بازىرىغا كىرگەن ئائىلە سانى قانچە كۆپ بولسا پاي چېكى باھاسى چۈشكەندىكى ئەندىشە، ساراسىمە شۇنچە زور بولىدۇ.

ئېلىمىز پۇقرالىرىنىڭ A پاي بازىرىغا بەس - بەستە كىرىشى نەتىجىسىدە، پاي چېكىگە نىسبەتەن قىلچە چۈشەنچىسى يوق. قىسمەن كىشىلەر پاي چېكى بىلەن ھەپىلىشىپ، پاي چېكى بازىرىدا بىنورمال ئۆرلەش ۋە كۆپۈكلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلدى.

شياڭگاڭ سودا مەركىزىنىڭ باش لىدىرى لى شياۋجيانىڭ قارىشىچە، جۇڭگو پاي چېكى بازىرى ھەممە بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، بىراقلا تاراپ كېتىدىغان ئۇششاق پايچىلارنىڭ تىركىشىش مەيدانى ئىكەن.

ئالدىنقى مەزگىلدىكى پاي چېكى بازىرى يۈكسەلگەن ۋاقىتلاردا، نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر ئالدى - كەينىنى ئويلىماي، بار پۇلىغا پاي چېكى سېتىۋالغان. بولۇپمۇ بىر قىسىم مەبلىغى ئاز ئائىلىلەر يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىپ، پاي چېكى سېتىۋالغاچقا، بازاردىكى شۇنچىكى داۋالغۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي، خانىۋەيران بولغان.

مۇكەممەل كاپىتال بازىرىغا نىسبەتەن، يېكە-ياچە پايچىلارنىڭ كۆپ بولۇشى ياخشى ئىش ئەمەس. بولۇپمۇ خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئاجىز، مەبلەغ سېلىش جەھەتتە تەجرىبىسىز پايچىلار تېخىمۇ كۆپ يوشۇرۇن خەۋپنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئەگەر پاي چېكى بازىرىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمىنى كۆزلەپ، ئاممىنى بازارغا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ، پايچىلارنىڭ سەۋىيەسىگە دىققەت قىلمىغاندا، ئاقىۋەتتە ئىككىلا تەرەپ زىيان تارتىدۇ. مىسالەن، بۇ قېتىملىق پاي چېكى داۋالغۇشى پاي چېكى بازىرىغا كاللىچىلاپ شۇڭغۇغان ئۇششاق پايچىلارغا ئۇنتۇلغۇسىز ئاچچىق ساۋاق بولدى.

بۇ خىل پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورگانلىرى پاي چېكى بازىرىغا كىرىش تەلىپىنى ئېنىق بېكىتىپ، پاي چېكى بازىرىغا كىرمەكچى بولغانلارغا كىرىم ئەھۋالى، خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق چەك بېكىتىشى ۋە تەلەپكە يەتمىگەن پايچىلارنى كەلگۈسى خەتەردىن ئەسكەرتىپ، ئۇلارنىڭ قارىغۇلارچە پاي بازىرىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

## 2. ياپونىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تالىشىپ سېتىۋېلىش

2014 - يىلى ئېلىمىزدىن ياپونىيەگە ساياھەتكە بارغان ئادەم سانى 2 مىليون 200 مىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا تەخمىنەن 82% ئاشتى. ئېلىمىز ساياھەتچىلىرىنىڭ ياپونىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى جەمئىيەتىمىزدە زور بەس - مۇنازىرە قوزغىدى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا داڭلىق ئىقتىساد ئوبزورچىسى ۋۇ شياۋبو «ياپونىيەدىن تەرەت تۆكى قاپقىقى سېتىۋېلىش» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. مەزكۇر ماقالە ئېلىمىز تور بېكەتلىرىدە تېز سۈرئەتتە تارقىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە غۇلغۇلا قوزغىدى.

جۇڭگولۇق ساياھەتچىلەر تالىشىپ سېتىۋالغان تەرەت تۆكى قاپقىقىنىڭ باھاسى 1000 يۈەن

ئەتراپىدا، بۇ كۆپىنچە جۇڭگولۇق ئۇچۇن ئاز پۇل ئەمەس. بۇ خىل قاپقاقنىڭ ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش، سۇ پۈركۈپ يۇيۇش قاتارلىق ئىقتىدارلىرى بار. باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان دۇكاندىكى خەنزۇچىنى يېڭىلا ئۆگەنگەن ياپونىيەلىك خادىم «جۇڭگودىن ساياھەت ئۆمىكى كەلسىلا، ماللىرىمىز سېتىلىپ تۈگەيدۇ» دېدى.

رېيتىر ئاگېنتلىقىنىڭ يېقىندىكى خەۋىرىدە «جۇڭگولۇق ئىستېمالچىلار ياۋروپانىڭ سۈت پاراشوكى، يېڭى زېلاندىيەنىڭ ساپ سۈتىنى تالىشىپ سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئەمدىكى دىققىتىنى قىممەت باھالىق ياپونىيە گۈرۈچىگە قاراتتى. بۇ گۈرۈچ جۇڭگودىكى مودا ئىستېمال بۇيۇمى بولۇپ قالدى» دېيىلدى.

ئۇنىڭدىن سىرت، يېقىندا ئېلىمىز ساياھەتچىلىرىدە يەنە ياپونىيەدە ئىشلەنگەن «شىپالىق دورا»لارنى سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

يېقىندىن بۇيان تورلاردا «ياپونىيەگە بارغاندا قەتئىي سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك دورا» دېگەندەك تېمىلار ئەدەپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئاتالمىش «شىپالىق دورا» ئادەتتىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار بولۇپ، ياپونىيەنىڭ بولۇپ قالغاچقا، «شىپالىق» قىلىنىۋېتىلگەن.

ياپونىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە، بولۇپمۇ توكيودا دورا دۇكانلىرى ماگدامدا بىر ئۇچرايدۇ. ھازىر بۇ خىل دۇكانلارغا كىرسىڭىز، كۆپىنچە خېرىدارلارنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئېلىمىز ساياھەتچىلىرى دورىلارنى بەس - بەستە سېتىۋالغاچقا، ياپونىيەدىكى كۆپ قىسىم دورا دۇكانلىرى بازىرى ئىتتىك ماللارغا قارىتا چەكلىك سېتىش تەدبىرىنى قوللاندى.

ئېلىمىز ساياھەتچىلىرى تالىشىپ سېتىۋېلىۋاتقان ياپونىيە دورىلىرى ئاساسەن باللار دورىلىرى؛ قىزىتمىنى ياندۇرۇش چاپلىمىسى؛ يۆتەل توختىتىش شەربىتى؛ ساغلاملىق ساقلاش دورىلىرى؛ ئاقارتىش، ئورۇقلىتىش دورىلىرى؛ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىشتەينى ئاچىدىغان دورىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ خىل «ياپونىيە مەستانىلىقى»نى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرى، بۇ تىپىك «قوشنامنىڭ قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىمۇ تامامەن تاپقىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى چەت ئەلدىن سېتىۋېلىشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ بىزنى تېخىمۇ سۈپەتلىك، سەرخىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ. چۈنكى، ياپونىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەقىقەتەن شۇنچە ياخشى سۈپەتلىك بولمىسا، قۇرۇق تەشۋىقات بىلەنلا ھازىرقىدەك بازار تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس. گەپ يەنىلا سۈپەت رىقابىتىدە ئۇتتۇرۇۋەتمەسلىكتە.

## 3. زور بەدەل تۆلەپ ئامېرىكىدا ئوقۇش

ئامېرىكىدىكى خەلقئارالىق مائارىپ جەمئىيىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2013 - ، 2014 - يىللىق ئوقۇش يىلىدا 886052 نەپەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىپ، بۇ سان ئالدىنقى ئوقۇش يىلىدىكىدىن 8.1% ئاشقان. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئېلىمىزدىن بارغانلارنىڭ سانى زور سالماقنى، يەنى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 31% نى ئىگىلىگەن.

جياڭسۇ ئۆلكىسىدىن كەلگەن شياۋچېڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسى ئاجىز بولغاچقا، مەكتەپكە كىرىش جەدۋىلىنىمۇ توشتۇرالمىغانىكەن. شۇڭا ئاتا - ئانىسى 4500 ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ، ئۈچ مەسلىھەتچى تەكلىپ قىلىپ، قىزىنىڭ نامىدا ماقالە ۋە ساختا تەۋسىيە خېتى يازدۇرغانىكەن.

مەسلىھەتچىلەر ئۇنىڭ ۋىزا ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ، ئارزۇسىدىكى مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ بەرگەن. بۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسمىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى باشلىدى. «ئەگەر بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم قىلغان بولسام، ئامېرىكىغا ھەرگىز كېلەلمەيتتىم» دېدى ئۇ.

سەككىز يىل بۇرۇن ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرى جۇڭگودىن كەڭ كۆلەمدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغاندىن بۇيان ۋاستىچى شىركەتلەر ئارقىلىق ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. مائارىپ مەسلىھەتچىسى خۇي مىڭ ئۆزىنىڭ ئادەتتە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلارغا زۆرۈر ياردەم ۋە تەكلىپلەرنى بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئامېرىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاساسەن چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

باش ئىشتابى ئامېرىكىغا جايلاشقان خەلقئارا مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ خادىمى: جۇڭگولۇق ۋاستىچى ئورگانلار كىشىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى مۇۋاپىق «ياردەم بېرىش» دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، دېدى.

شياۋچىڭنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەن جۇڭگودىكى داڭلىق مائارىپ ئورگىنىنىڭ تور بېكىتىدە «ماقالىنى ئوقۇغۇچى ئۆزى يېزىشى كېرەك» دېگەن بەلگىلىمە بار.

لېكىن، شياۋچىڭنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار تەكلىپ قىلغان مەسلىھەتچىلەر بۇ بەلگىلىمىنى ئۇنىڭغا ئەسكەرتمىگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەسلىھەتچىلەر ئەگەر چاقىرىق قەغىزىنى ئالالمىسا، ۋاستىچىلىك ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانىكەن.

«ماقالىنى باشقىلارغا يازدۇرۇپ سىناقتىن ئۆتۈش ھەقىقەتەن نومۇسلۇق ئىش، لېكىن ئامال يوق، ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دېدى شياۋچىڭ.

بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مارك چەت ئەلگە چىقىدىغانلار ئۈچۈن ماقالە يېزىپ بېرىدىغان بازىرى ئىتتىك «يازغۇچى». ئۇ شياۋچىڭغا ئوخشاش نەچچە ئونلىغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇش ئارزۇسىنى «ۋۇجۇدقا چىقارغان». ئۇنىڭ دېيىشىچە، 1000 خەت ئەتراپىدا ئىنگلىزچە ماقالە يازسا 100 دوللار كىرىم قىلىدىكەن؛ ئۇ ھازىرغىچە باشقىلارغا ۋاكالىتەن 40 نەچچە پارچە ماقالە يېزىپ بېرىپتۇ.

بىر قىسىم ئىشەنچىسىز ۋاستىچى ئورگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئېرىشكەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان. ئامېرىكا خوۋلېرېن مائارىپ ئورگىنىنىڭ باش تەرەققىيات ئەمەلدارى چېن خاڭنىڭ دېيىشىچە، 2013 ـ يىلىدىن بېرى ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئوقۇشى لاياقەتسىز بولغان 8000 غا يېقىن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىنى ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈپتۇ.

يەنە بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 12% ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىدىكەن. چۈنكى، مىڭبىر جاپادا ئالىي مەكتەپ ئۇنۋانىنى ئېلىپ، خىزمەت تاپالماسلىق ۋە زىممىسىگە ئېغىر قەرز يۈكلىنىش نۆۋەتتە ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا ئورتاق رېئاللىق.

مەلۇم بىر ئېلېكترونلۇق دەرسلىك مۇلازىمەتى شىركىتى يېقىندا ئېلان قىلغان دوكلاتتا: ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇش پۇلى 30 يىل ئاۋ-

ۋالقىدىن 1120% ئاشتى. بۇ نىسبەت پۇل پاخاللىشىش سۈرئىتىدىنمۇ ئېشىپ كېتەي دەپ قالدى، دېيىلدى. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، ئامېرىكا كرېدىت ئۇچۇرى ۋە سانلىق مەلۇمات باشقۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئالىي مائارىپ ئۈچۈن ئوقۇش قەرز پۇلى ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ30% كە يېقىنى ئالىي مەكتەپ دىپلومىنىمۇ ئالالمىغان.

بۇ خىل «چەت ئەلپەرەسلىك» دولقۇنىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئېلىمىز ئالىي مائارىپىنى يۇكسەلدۈرۈشكە نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، تەجرىبىخانا ۋە تەتقىقات ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىدۇ.

## 4. پۇلدارلارنىڭ چەت ئەلگە كۆچمەن بولۇشى

2014 ـ يىللىق «خۇگۇېرف دوكلاتى — جۇڭگولۇق پۇلدار كۆچمەنلەر» ئاق تاشلىق كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا بىلەن كانادا جۇڭگولۇق بايلار كۆچمەن بولۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان دۆلەتلەر ئىكەن. جۇڭگولۇق بايلارنىڭ چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشتىكى مۇددىئاسى كاپىتالىنى چەت ئەلگە يۆتكەش، ئىقتىسادىي خەۋپىنى تۆۋەنلىتىش ۋە پەرزەنتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى مائارىپتىن بەھرىلەندۈرۈش ئىكەن.

ھەرقانداق دۆلەتتە، بايلار ئەڭ ھەرىكەتچان بىر گۇرۇپپىدۇر. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېلىمىزدىكى بايلارنىڭ «چەت ئەلگە قېچىشى» بەك ھەيران قالارلىق ئىشمۇ ئەمەس.

لېكىن، ھەيران قالارلىق يېرى، خەلقئارالىق ئۆي مۈلۈك مەسلىھەتچىلىك شىركىتى Knight Frank ۋە مەخسۇس بايلار ئۈچۈن كۆچمەنلىك مۇلازىمىتى قىلىدىغان فېيگمان ئادۋوكاتلىق ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، پۈتۈن دۇنيادىكى مىليونېرلارنى سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگولۇق مىليونېرلارنىڭ چەت ئەلگە كۆچمەن بولۇپ چىقىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ئىكەن. 2003 ـ يىلدىن 2013 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە 76 مىڭ 200 جۇڭگولۇق مىليونېر چەت ئەلگە كۆچمەن بولۇپ چىقىپ كەتكەن. بۇ سان جۇڭگودىكى مىليونېرلار ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 15% نى ئىگىلەيدۇ.

Knight Frank ۋە فېيگمان ئادۋوكاتلىق ئورگىنىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئېلىمىزدە تېخىمۇ كۆپ بايلار چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىشقا تەرەددۇتلىنىۋېتىپتۇ. بەزىلەر ھەتتا چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان بالىلىرى ئۈچۈن، مەكتەپكە يېقىن رايونلاردىن ئۆي سېتىۋېلىۋېتىپتۇ. ھازىر تېخىمۇ كۆپ بايلار چەت ئەلنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالىي دەرىجىلىك تۇرالغۇلارنى ئىزدەۋېتىپتۇ.

خۇگۇېرف تور بېكىتى ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2013 ـ يىلى ئېلىمىزدىكى مىليونېرلار 6.3% كۆپەيگەن، يەنى يېڭىدىن 100 مىڭ ئادەم مىليونېرلار سېپىگە قېتىلىپ، مىليونېرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 2 مىليون 900 مىڭغا يەتكەن.

بايلىق تەتقىقات ئورگىنى Wealth – X بىلەن شۋېتسارىيە UBS بىرلەشمە بانكىسى ئېلان قىلغان «دۇنيا مىلياردېرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش» دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2014 ـ يىلى دۇنيادا مىلياردېرلار سېپىگە 155 ئادەم قېتىلىپ، مىلياردېرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 2325 كە يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 7% كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىدا يېڭىدىن 57 مىلياردېر چىقىپ، مىلياردېرلار ئەڭ تېز كۆپەيگەن دۆلەت بولغان، جۇڭگو ئىككىنچى ئورۇندا (33) تۇرغان؛ ئاسىيا رايونىدا يېڭىدىن 52 نەپەر مىلياردېر بارلىققا كېلىپ، بۇلتۇرقىغا قارىغاندا

# 500 مىڭ فوندستېرلىڭلىق بوغقۇچ

ۋۇ رېن
شىرئەلى ئەنۋەر تەرجىمىسى

BBC (ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى)نىڭ 2015 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ئەنگلىيەنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدىكى يول بويىدا يۈز بەرگەن، باشتىن - ئاخىر بىر مىنۇتمۇ داۋاملاشمىغان تاكاللىشىش ساقچىلارنىڭ ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈشىگە، ئىككى قېتىملىق جىنايى ئىشلار دەۋاسىغا، بىر قېتىملىق ھەق تەلەپ دەۋاسىغا ۋە ئەنگلىيە خان جەمەتى تەكشۈرۈپ تىزگىنلەش مەھكىمىسىنىڭ ئىككى قېتىم ئۆزىنى تەكشۈرۈشىگە سەۋەب بولغان.

ئاڭلىماققا بىمەنىدەك تۇيۇلىدىغان بۇ ۋەقە ئەنگلىيە لېيسېستېر ۋىلايىتىنىڭ Mowbray Melton بازىرىدا يۈز بەرگەن.

2008 - يىلى 8 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئەنگلىيە لېيسېستېر ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى جامېس كوچا چارلاۋاتقاندا، ئاياغ بوغقۇچىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يول بويىدىكى بىر دۇكانغا كىرىپ، 99 پېننى (1 فوندستېرلىڭ 100 پېننى)غا بوغقۇچ سېتىۋالغان. شۇ دۇكاندا نەرسە - كېرەك ئېلىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر (قانۇنىي زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى بۇ ئەرنىڭ ئىسمى، سالاھىيىتى ئىزچىل جەمئىيەتكە ئاشكارىلانمىغان، بىزمۇ مەزكۇر ئەسەردە ئۇنى XX ئەپەندى دەپ ئاتايمىز) جامېسقا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا ئاياغ بوغقۇچى سېتىۋالغىنىڭىز توغرا ئەمەس، دېگەن. يەنە تېخى ئۇستىڭىزدىن ساقچى ئىدارىسىگە ئەرز قىلىمەن، دەپ جار سالغان.

ھالبۇكى، زىل مىجەزلىك XX ئەپەندى راستلا «گېپىدە تۇرۇپ»، جامېسنىڭ ئۈستىدىن

---

18.7% ئېشىپ، دۇنيا مىقياسىدا مىلياردېرلار كۆپىيىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى قىتئە بولغان.

لېكىن، پۇلدارلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان جۇڭگو ئۇشبۇ «چەت ئەلپەرەس» پۇلدارلارنى تۇتۇپ قالالمايۋاتىدۇ، ئەكسىچە پۇلدارلارنىڭ چەت ئەلگە كۆچمەن بولۇش نىسبىتى يىلسېرى ئۆرلەۋاتىدۇ.

ئەگەر بايلىق مۇشۇ سۈرئەتتە چەت ئەلگە يۆتكىلىۋەرسە، جۇڭگولۇقلارنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىپ بايلىق يارىتىشىنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، 80%كە يېقىن جۇڭگولۇق ھېلىھەم ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، بىر - بىرلەپ «ئۆي قۇلى» بولۇپ قېلىۋاتقان ئەھۋالدا ئاشۇ بايلار 15 مىليون يۈەن بەدەل تۆلەپ چەت ئەللەرگە مەبلىغىنى يۆتكەۋاتىدۇ؛ كۆپ قىسىم جۇڭگولۇقلار ھېلىھەم كىيىم - كېچەكنى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش؛ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان پەيتتە بالدۇر بېيىغانلار باشقا دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇشقا كاللا قاتۇرۇۋاتىدۇ.

نەچچە يىلدىن كېيىن ئاشۇ بايلار مۇھاجىرلىق سالاھىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ھېلىھەم ۋەتەن تۇپراقلىرىدا تىرىشىۋاتقان، بايلىق يارىتىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقان جۇڭگولۇقلار قانداق ھېسسىياتتا بولار؟!

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

شىكايەت قىلىپ ساقچى ئىدارىسىگە بارغان. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، شىكايىتىنى تۈگىتىپ قايتقان XX ئەپەندى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا جامېس بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان. جامېس ئاچچىقىدا ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىسىم - فامىلىسىنى، ئادرېسىنى سورىغان. بۇ ئىش سەۋەبلىك، XX ئەپەندى جامېسنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر قېتىم ئەرز قىلغان.

XX ئەپەندى بۇ قېتىم «ساقچى جامېس ماڭا جىسمانىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلدى» دەپ ئەرز قىلغان. جامېسمۇ «XX ئەپەندى ماڭا يالغان ئادرېسىنى دەپ بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلدى» دەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن جىنايى ئىشلار ئەرزى سۇنغان. 2009 - يىلى 2 - ئايدا XX ئەپەندىگە جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان.

ھەر جەھەتتىن زىيان تارتقان XX ئەپەندىنىڭ داۋاملىق يۇقىرىلاپ ئەرز قىلىشى نەتىجىسىدە، 2010 - يىلى 10 - ئايدا ئەسلىي ھۆكۈم ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. لېكىن، XX ئەپەندى لىيېستېر ساقچى ئىدارىسى ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن چىقارغان «جامېس ھەققىدىكى شىكايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز» دېگەن ھۆكۈمدىن قاتتىق رەنجىپ، لىيېستېر ساقچى ئىدارىسى ئۈستىدىن: «ماڭا جىسمانىي جەھەتتىن دەخلى - تەرۇز قىلدى ۋە غەرەزلىك ھالدا جىنايەت ئارتتى» دەپ ئەرز سۇنغان.

XX ئەپەندىنىڭ تۇرغۇنلۇقى نەتىجىسىدە، لىيېستېر ساقچى ئىدارىسى 2013 - يىلى 11 - ئايدا XX ئەپەندىنىڭ شىكايەت قىلىش ئاساسىنى ئورۇنلۇق دەپ قارىغان.

لېكىن، ئەنگلىيە خان جەمەتى تەكشۈرۈپ تىزگىنلەش مەھكىمىسى بۇ ئىشقا قارىتا، XX ئەپەندىنىڭ شىكايىتى ئاساسسىز دەپ قارىغان. نەتىجىدە، XX ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىنمۇ ئەرز قىلغان.

ساقچى جامېس مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، يەتتە يىلغا سوزۇلغان «ئاياغ بوغقۇچى دېلوسى» سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ دائىم يىغلايدىغان، كېچىلىرى قارا بېسىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ھازىرمۇ كېسەل سەۋەبىدىن دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

ھالبۇكى، «دەۋاخۇمار» XX ئەپەندىمۇ ئەرزدەيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ «زەخىملىنىشتىن كېيىنكى ئىنكاس توسقۇنلۇقى»غا گىرىپتار بولغان دەپ دىياگنوز قويۇلغان. ئېيتىلىشىچە، بۇ خىل كېسەللىك ئىراق، سۇرىيەدىكىگە ئوخشاش دەھشەتلىك جەڭلەرگە شاھىت بولغانلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدىكەن.

يېقىندا، XX ئەپەندىنىڭ ئادۋوكاتى ئېيىن گۇدنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇ لىيېستېر ساقچى ئىدارىسىدىن XX ئەپەندى ئۈچۈن بەلگىلىك مىقداردا تۆلەم پۇلى ئېلىپ بەرگەن. گەرچە، گۇد تۆلەم پۇلىنىڭ ئېنىق سوممىسىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېيىشىچە XX ئەپەندى يەتتە يىل جەريانىدىكى ئەرز - شىكايەتلەر ئۈچۈن 500 مىڭ فوندستېرلىڭ خەجلەپتۇ. گەرچە، ئەنگلىيەدىمۇ پات - پات ساقچىلار ھەققىدىكى سەلبىي خەۋەرلەر تارقىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە ساقچىلىرىنىڭ مەيلى خەلقئارا ياكى دۆلەت ئىچىدىكى ئوبرازى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئەمما، BBC يۇقىرىقى «ئاياغ بوغقۇچى ۋەقەسى»نىڭ تەپسىلاتىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەنگلىيەلىكلەر بۇ ئىشتىن قاتتىق ھەيران قالغان.

ئەگەر ئادۋوكاتنىڭ گېپى راست بولۇپ، XX ئەپەندى بۇ جەرياندا دەرۋەقە 500 مىڭ فوندستېرلىڭ خەجلىگەن بولسا، بۇ بەكلا ئەپسۇسلىنارلىق ئىشمۇ قانداق؟

# ئاپەتتىن كېيىنكى ئامەتلەر

لو خۇيىيۇ
ئۆمەرجان ئامۇت تەرجىمىسى

سان فىرانسىسكودىكى قاتتىق يەر تەۋرەش، ئىرلاندىيەدىكى قەھەتچىلىك، تىتانىك نامىلىق پاراخوتنىڭ چۆكۈپ كېتىشى، چۇما ... تارىختىكى شەپقەتسىزلا يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق ئاپەتلەر مىليونلىغان جانغا زامىن بولدى. بىراق، بالا - قازانىڭ بەزىدە ئويلىمىغان ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ.

تۆۋەندە بىز شۇ خىل ئاپەتلەردىن تۇغۇلغان «ئامەت»لەرگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى.

## كاترىنا ناملىق قارا بوران بالىلارنى تېخىمۇ ساغلام قىلدى

ئامېرىكا تارىخىدا تالاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان بوران ئاپىتى ھېسابلىنىدىغان كاترىنا ناملىق قارا بوران 2000 كىشىنى ھاياتىدىن ئايرىدى، ئۇ پەيدا قىلغان كەلكۈن ئاپىتى يېڭى ئورلېئان ئىشتاتىنىڭ 85% يېرىنى بېسىپ كېتىپ، ھەممە يەرنى دېگۈدەك خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئومۇمىي ئىقتىسادىي زىيان 80 مىليارد دوللارغا يېتىپ، شەھەر ئاھالىلىرى سەرسان بول-

---

بىز بۇ ئىشنى مۇنداق تەھلىل قىلىپ باقايلى: XX ئەپەندى ساقچى جامېسنىڭ كوچا چارلاۋاتقاندا ئاياغ بوغقۇچى سېتىۋالغانلىقىغا نارازى بولغان. ئۇنداقتا، ساقچىلار كوچا چارلىغاندا ھاجەتخانىغا كىرسە بولامدۇ، بولمامدۇ؟

ئەلۋەتتە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھاجەتخانىغا كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئېنىقكى، ھاجەتخانىغا كىرىپ - چىقىشقا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئاياغ بوغقۇچى سېتىۋالغانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە —— XX ئەپەندىگە ئوخشاش زىل ئادەملەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، جامېس چوقۇم ئۇنىڭغا ئەھۋالنى توغرا چۈشەندۈرۈشى كېرەك ئىدى. مەسىلەن، جامېس شۇ ۋاقىتتا «ئەگەر مەن بوغقۇچ سېتىۋالمىسام، تۇيۇقسىز بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە، يامان ئادەملەرنى قوغلىيالماي قالىمەن. ئۇ چاغدا پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتى تېخىمۇ زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن بولسا، كەيىندىكى ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

يەنە بىر جەھەتتىن، 500 مىڭ فوندستېرلىڭغا يارىغان بۇ «بوغقۇچ دېلوسى»نىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئادەتتىكى بىر پۇقرا ساقچىنى «ۋەزىپىگە ياخشى ئادا قىلالمىدىڭ» دەپ تەنقىدلىيەلىسە، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ساقچى ئىدارىسىگە شىكايەت قىلالىسا، ھەتتا ساقچى ئىدارىسى ۋە خان جەمەتى تەكشۈرۈپ تىزگىنلەش نازارىتىنىڭ ئۈستىدىنمۇ ئەرز قىلالىسا؛ بىر دۆلەتتىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار مۇشۇنداق «ئەرزىمەس» ئىشلار توغرىسىدا تەكرار - تەكرار سوت ئېچىپ، ئەرزنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئۆز خاتالىقىنى تونۇسا... بۇنى بىمەنىلىك ياكى ئىسراپچىلىق دېگىلى بولامدۇ؟ مېنىڭچە، دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ خىل بىمەنىلىك، ئىسراپچىلىق نۇرغۇن پۇقرالارنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ خاتىرجەملىك بېغىشلىيالايدۇ.

دى ... باللارنىڭ ساغلاملىق مەسىلىسى پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

كاترىنا ناملىق قارا بوراندىن بۇرۇن، يېڭى ئورلېئان ئىشتاتىنىڭ تۇپرىقىدىكى قوغۇشۇن مىقدارى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرىدە باللارنىڭ قېنىدىكى قوغۇشۇن مىقدارىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى. قوغۇشۇن سالامەتلىككە ناھايىتى زىيانلىق ئېلېمېنت بولۇپ، چوڭ مېڭىنىڭ ئىشلەش ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىپلا قالماي، بەدەننىڭ باشقا قىسىملىرىغىمۇ زەخىم يەتكۈزەتتى. ھالبۇكى، كاترىنا ناملىق قارا بوراننىڭ ھۇجۇمىدا، شىددەتلىك كەلكۈن شەھەرلەردىن ئۆتۈش جەريانىدا زور مىقداردىكى زەھەرلىك تۇپراقنى ئېقىتىپ كەتكەن. 2010 ـ يىلىدىكى بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، كەلكۈن تۇپراقتىكى قوغۇشۇن مىقدارىنى ئەسلىدىكىدىن 39% چۈشۈرگەن بولۇپ، قارا بوران ئاپىتىدىن كېيىن تۇغۇلغان باللارنىڭ قېنىدىكى قوغۇشۇن مىقدارىمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا تۆۋەنلىگەن.

## چوڭ قىرغىنچىلىق ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا تۈرتكە بولدى

ئامرىتسار (ھىندىستاندىكى بىر شەھەر)دىكى چوڭ قىرغىنچىلىق مۇستەملىكىچىلىك تارىخىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ قىرغىنچىلىقتا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى ھىندىستاننى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلغان، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق 400 ئەزىمەتنى قەتل قىلغانىدى.

چوڭ قىرغىنچىلىق يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، گەندى سۈيئىستېمالچىلىق (پىراگماتىزم) بولىنى تۇتقان بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيەنى قوللاش ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ ئازراق بولسىمۇ ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. بىراق، 1915 ـ يىلىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىگە باغلىغان ئۈمىد ـ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى. چوڭ قىرغىنچىلىق گەندىنىڭ ھىندىستان مۇستەقىللىقىنى قەتئىي قوللاش يولىغا مېڭىشىغا بىۋاستە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ــ ھەمكارلاشماسلىق ھە-



رىكىتى»نى تەشەببۇس قىلدى، شۇنداق قىلىپ ھىندىستاننىڭ تارىخى باشقىچە يېزىلدى.

**يادرو ئاپىتى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا تۆرتكە بولدى**

«يادرو ئاپىتى» تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا چېرنوبىل بىلەن فوكۇشىمادىن ئىبارەت ئىككى جاينى ئېسىگە ئېلىشىدۇ. ئاڭلىغان ئادەمنىڭمۇ قورققۇسى كېلىدىغان بۇ ئىككى قېتىملىق ئاپەت شۇ دۆلەت خەلقلىرىنىڭ روھىيىتىگە سايە تاشلاپ كەلمەكتە. بۇ ئىككى قېتىملىق يادرو ۋەقەسىدە زور مىقداردىكى رادىيوئاكتىپلىق ماددىلار سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ھالبۇكى، رادىيوئاكتىپلىق ماددىلارنىڭ زىيىنى نەچچە ئون يىللارغىچە داۋاملىشاتتى.

ئاڭلىغان ئادەمنىڭ تازا ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر ئىش شۇكى، تەركىبىدە رادىيوئاكتىپلىق ماددىلار بولغان ئۇنۇمسىز يەرلەر ئادەمدىن باشقا جانلىقلارغا پايدىلىق ئىكەن. فۇكۇشىما يادرو ۋەقەسى كۆك پالاقچىلىق تۇنۇس بېلىقنىڭ تېنىدە سېزىي ئېلېمېنتى پەيدا قىلغان بولۇپ، ئالىملار سېزىي ئېلېمېنتى ئارقىلىق ئۇلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرەلەيدىغان بولدى ــ دە، نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ خىل بېلىقنى قوغداش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

چېرنوبىل يادرو ۋەقەسىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ دىراماتىك تۈسكە ئىگە. تاشلىۋېتىلگەن بۇ بازار شۇ يەردە داۋاملىق ياشىغان ياۋايى ھايۋانلارغا ئۇچچە قالدى، كېيىنچە يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر قىسىم ھايۋانلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشتى. بۇ رايون ھازىر نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ ئارامبەخش ماكانىغا ئايلىنىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سانى نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئاشماقتا.

**چوڭ ئوت ئاپىتى زامانىۋى چوڭ شەھەر بەرپا قىلدى**

چىكاگودىكى چوڭ ئوت ئاپىتىنى ھەممىمىز ئاڭلىغان. 1871 ـ يىلىدىكى بۇ ئوت ئاپىتىدە شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونلىرى تەلتۆكۈس كۆيۈپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆي ـ ماكانسىز قالغان. ئۇنى ھەتتا ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئاپەت دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق، يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر: «دەل شۇ قېتىملىق ئوت ئاپىتى كونىراپ ھالى قالمىغان بۇ شەھەرنى ھازىرقىدەك كاتتا شەھەرگە ئايلاندۇردى» دېيىشىدۇ.

ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، 334 مىڭ ئاھالىسى بار چىكاگو جۇشقۇن، ئەمما قالايمىقان، قىستا ـ قىستاڭ شەھەر ئىدى. ئوت ئاپىتىدىن كېيىن، خارابىگە ئايلانغان بۇ شەھەرنى قايتىدىن قۇرۇشقا توغرا كەلدى. زامانىۋى ئۆلچەمدە قايتا قۇرۇش تۈرى تەستىقلىنىپ، بەلگە خاراكتېرلىك ئاسمان ـ پەلەك ئىمارەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قەد كۆتۈردى، بىراق ـ يېقىنغا مەشھۇر كۆل ياقىسى بەلبېغىمۇ بارلىققا كەلدى. «چىكاگو مۇنبەر گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، بۇ ئوت ئاپىتى ھۆكۈمەتنىڭ كۆچمەنلەرگە بولغان جىددىي پوزىتسىيەسىنى يۇمشاتقاچقا، مىليونلىغان ياقا يۇرتلۇقلار بۇ شەھەرگە ئېقىپ كىرىپ، قايتا قۇرغۇچىلار سېپىگە قوشۇلغان ھەمدە يەرلىشىپ قالغان. ئەگەر بۇ ئوت ئاپىتى بولمىغان بولسا، ئامېرىكا بويىچە نوپۇسى ئۈچىنچى كۆپ بۇ شەھەر يەنىلا ئەسلىدىكى چەت ـ نامرات ھالىتىدە قېلىۋېرىشى مۇمكىن ئىكەن.

**بومباردىمانچىلىق بىر پاراۋان دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈردى**

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ

باشلىرىدا، ناتسىستلار گېرمانىيەسى ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىنى توختىماي بومباردىمان قىلدى. تەخمىنەن توققۇز ئايچە ۋاقىتتا، نەچچە مىڭ توننا بومبا ئەنگلىيە شەھەرلىرىگە تاشلىنىپ، 43 مىڭ ئادەم تالاپەتكە ئۇچرىدى، نۇرغۇن بازارلار خارابىلىككە ئايلاندى. جۈملىدىن، بۇ ئۈزۈكسىز ھاۋا ھۇجۇملىرى غايەت زور تالاپەت ۋە ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلدى. بىراق، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەنگلىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى پاراۋانلىق سىياسىتىنى تۈزۈشكە ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ چاقماق تېزلىكىدىكى ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى چوقۇم خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، بولۇپمۇ ئۇرۇشتا ئېغىر نابۇت بولغان لوندوندا بۇ جەھەتكە تېخىمۇ ئېتىبار بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، «ئومۇميۈزلۈك پاراۋان دۆلەت» ئۇقۇمى تۇنجى قېتىم بۇ دۆلەتنىڭ تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى باللار باغچىسى كۈندۈزلىرى ئانىلارغا ئېچىۋېتىلدى، ھالبۇكى، بۇ ئانىلار ئۇرۇش ۋە مۇداپىئە ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇۋاتاتتى. ھۆكۈمەت يەنە مەركەزلەشتۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇرۇشتا ماكانسىز قالغانلارغا ياردەم بەردى؛ دورا ۋە قۇتقۇزۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ تەقسىملىنىشىنى كونترول قىلدى. مانا بۇ دەل ئەنگلىيەنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك زامانىۋى داۋالاش سىستېمىسىنىڭ ئۇلىدۇر. بۇ تەدبىرلەر قىزغىن ئالقىشلانغاچقا، پاراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇش تەرەپدارى بولغان ئەمگەك پارتىيەسى 1945 ـ يىلىدىكى سايلامدا تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيەنىڭ ھازىرقى پاراۋانلىق سىستېمىسى مەيدانغا كېلىپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

## جەنۇبىي قۇتۇپ ئاپىتى مۇھىم قىياسنى دەلىللىدى

1912 ـ يىلى روبېرت فالكېن سكوت ئەنگلىيە زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن جەنۇبىي قۇتۇپقا ئاتلاندى. بىراق، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئاپەت بولدى. سكوت ئەترىتىنى باشلاپ جەنۇبىي قۇتۇپقا بارغاندا، نورۋېگىيەلىكلەر ئاللىقاچان ئۇ يەرگە يېتىپ بولغانىدى. سكوت ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىر كۈن سەرپ قىلىپ تاغ جىنسى ئەۋرىشكىلىرىنى يىغدى، ئارقىدىن بوران ـ چاپقۇندا قېلىپ، 12 سائەتتىن كېيىن ھەممىسى جېنىدىن ئايرىلدى.

قۇتقۇزۇش ئەترىتى سكوت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ جەسىتىنى قېزىۋېتىپ، بىرنەچچە خالتا تاغ جىنسى ئەۋرىشكىسىنى بايقىدى. ئالاقىدار تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، ئارىسىدىكى بىر پارچىسى گلوسسوپتېرىس پاپوروتنىكىنىڭ قاتمىسىدەك قىلاتتى.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، دەل مۇشۇ تاشقاتما «دۇنيادىكى بارچە قىتئەلەر ئىلگىرى تۇتاش كەتكەن بىر پۈتۈن قۇرۇقلۇق ئىدى» دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىدى.

ئەينى چاغدا، كىشىلەرنىڭ «چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ لەيلەپ يۈرۈش تەلىماتى» توغرىسىدىكى تونۇشى تېخى قىياس باسقۇچىدىلا توختاپ قالغانىدى. ۋاھالەنكى، بۇ قاتما مۇمكىنچىلىكى ئەڭ تۆۋەن بولغان يىراق جەنۇبىي قۇتۇپتىن تېپىلدى ھەمدە ھىندىستان، ئافرىقا ۋە ئاۋسترالىيەدىكى ئەۋرىشكىلەر بىلەن بىردەك چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، «چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ لەيلەپ يۈرۈش تەلىماتى» بىر كېچىدىلا ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلمىي يەكۈنگە ئايلىنىپ، ھازىرقى زامان قۇرۇقلۇق تۈزۈلۈشى ئىلمى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

# چاي قۇيۇشنىڭ ئاقىۋىتى

يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى، ئادەتتىكى خىزمەتچى شىياۋۋاڭ ئۈستەلنى بويلاپ ھەممەيلەنگە بىر - بىرلەپ چاي قۇيۇپ چىقتى.

ئۇ ئالدى بىلەن سول تەرىپىدىكى مۇئاۋىن دىرېكتور A غا، ئاندىن شىياۋجاڭغا، شىياۋلىغا، باش دىرېكتورغا ۋە مۇئاۋىن دىرېكتور B غا، ئاخىرىدا ئۆزىگە چاي قۇيدى.

بۇ كىچىككىنە ئىش ئولتۇرغانلارنىڭ كاللىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى شەكىللەندۈردى.

شىياۋۋاڭنىڭ سول تەرىپىدىكى مۇئاۋىن دىرېكتور A:

— رەھمەت، — دەپلا قويدى.

شىياۋجاڭ كۆڭلىدە: «ھۇ تەخسىكەش! ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشنى بىلىدىكەنسەن - ھە، باشلىق بولمىغان بولسا ھەرگىز چاي قۇيمايتتىڭ !» دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن شىياۋۋاڭ شىياۋجاڭنىڭ نەزىرىدىكى تەخسىكەشلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

شىياۋلى: ھەي ماۋۇ دۆتلۈكۈمنى. نېمىشقا چاي قۇيۇشنى ئويلىمىغاندىمەن، كېلەر قېتىم چوقۇم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمىسام.

شۇنىڭدىن كېيىن شىياۋۋاڭنىڭ بىر رىقابەتچىسى كۆپەيدى.

باش دىرېكتور: شىياۋۋاڭ ئىش بىلىدىغان بالىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شىياۋۋاڭغا باشقىچە قارايدىغان بولدى.

شىياۋۋاڭنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان مۇئاۋىن دىرېكتور B: ئۇ نېمىشقا چاينى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ قۇيمايدۇ؟ باش دىرېكتورنىڭ ئورنى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تېخىمۇ يېقىن تۇرسا! بۇ مۇئاۋىن دىرېكتور A نى چوڭ بىلىپ مېنى كۆزگە ئىلمىغىنى ئەمەسمۇ؟

شىياۋۋاڭ ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا مۇئاۋىن دىرېكتور B نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە شىياۋ ۋاڭ ناھايىتى ئۇسساپ كەتكەن، ئەمما ئۆزىگىلا چاي قۇيۇشنى بىئەپ كۆرۈپ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھەممەيلەنگە چاي قۇيغان ھەم ھېچقانداق تەرتىپ مەسىلىسىنى ئويلاشمىغانىدى.



بىغەملىك

بىر ئەر تاكسىغا چىققاندىن كېيىن، ناھايىتى جىددىي ئاھاڭدا شوپۇرغا:

— مەركىزىي ئايرودرومغا بارىمەن. بەك ئالدىرايتتىم، تېزرەك ھەيدىگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

— ئايروپىلانغا ئالدىراۋېتىپسىز - دە؟ سائەت قانچىنىڭ ئايروپىلانى ئىدى؟ - سوراپتۇ شوپۇر.

— 10:20 نىڭ.

- چاقچاق قىلىۋاتامسىز يا؟ ھازىر سائەت 10:30 ئۆتكەن تۇرسا، ئايروپىلان بۇ كەمگىچە سىزنى ساقلاپ تۇرامتى؟

— ھىم، شۇ... مەن... شۇ ئايروپىلانىنىڭ باش ئۇچقۇچىسى...

— ...

# پاراسەت

شيا شېڭخې

مۇھەممەدئەلى ئەنۋەر تەرجىمىسى

20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، گېنېرال داۋىد شوۋپ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

ئەينى چاغدا، دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىن بىر دانە يېڭنىڭ ھاسىنى چۈشۈرمەيدىغان ئادىتى بار ئىدى. بۇ ئەسلىي ئامېرىكا مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى مۇشۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەنگلىيە قىسىملىرىدىكىلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ، كېيىنچە ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ ئومۇملاشقانىدى.

ھالبۇكى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيەسىدىكىلەر بۇ غەلىتە ئادەتنى تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن دېڭىز ئارمىيەسىدىكىلەر ئۇنى «گۈزەل ئەنئەنە» سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرىۋەرگەنىدى. بولۇپمۇ، دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى مەزكۇر ئادەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەڭ «جاھىل ئۇنسۇر»لاردىن سانىلاتتى. شوۋپتىن ئىلگىرىكى قوماندانلار ئەسكەرلەرنى بىكاردىن - بىكار ھاسا كۆتۈرۈۋالماسلىققا ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئانچە كۆپ ئادەم ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەنىدى. چۈنكى، نۇرغۇن ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر قولىدا چىرايلىق ھاسىسى يوق ھەربىيدە ھەقىقىي سالاپەت بولمايدۇ، دەپ قارايتتى.

شوۋپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مۇشۇ خىل كونا ئادەتنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ قىسمىنىڭ ئالىي قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقىچە چارە - تەدبىر ئويلاپ يۈرمەي، بىۋاستە «ھاسا چەكلەش بۇيرۇقى» چۈشۈرسىمۇ بولاتتى. لېكىن، شوۋپ ئۇنداق قىلماي، ئىشنى يەم بىلەن يۆتكۈزۈشنى ئويلاپ، تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندا بىر پارچە ئۇقتۇرۇش چىقارغۇزدى:

«ئەگەر قىسمىمىزدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئۆزىنىڭ زەئىپ تېنىنى تىرەپ تۇرۇشقا ھاسىدىن باشقا نەرسە تاپالمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھاسا تۇتۇۋېلىشىنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ چەكلىشىگە بولمايدۇ.»

نەتىجىدە، ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىنىپ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىدا ھاسا تۇتىدىغان بىرمۇ ئوفىتسېر - ئەسكەر قالمىدى. چۈنكى، ھېچكىمنىڭ ئۇقتۇرۇشتا دېيىلگەندىكىدەك «زەئىپ تەن»لىكلەردىن بولۇپ قالغۇسى يوق ئىدى.



# سايە قەيەردە، Wi-Fi شۇ يەردە

باۋ گۇ

ئابدۇسالامجان ئابدۇراخمان تەرجىمىسى




سۈرەتتىكىسى پېرۇدىكى ھەقسىز Wi-Fi تارقىتىدىغان تام

جېففرېي خامسون پېرۇ پايتەختى لىمادىكى Happiness Brussels ئېلان لايىھەچىلىك شىركىتىنىڭ باش لايىھەچىسى. يېقىندا پېرۇ راك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورگىنىنىڭ بىر مەسئۇلى خامسوننى ئۆزگىچە دېڭىز ساھىلى ئېلانى ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغان ھەمدە بۇ ئېلان ئارقىلىق كىشىلەرنى كۈچلۈك ئاپتاپتا ئۇزاق قاقلانماسلىققا مۇراجىئەت قىلماقچى بولغان.

ياز كۈنلىرى، نۇرغۇن كىشىلەر ئاپتاپلىق ساھىلدا قاقلىنىپ يېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن، بىلىۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇزۇن مۇددەت ئاپتاپقا قاقلىنىش تېرە راكىنى پەيدا قىلىدۇ. تېرە راكى پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان راك كېسەللىكلىرىنىڭ بىرى. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، يەر شارىدا ھەر يىلى ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ تەسىرىدىن تېرە راكىغا گىرىپتار بولىدىغانلارنىڭ سانى 3 مىليوندىن ئاشىدىكەن.

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا كىشىلەرنى ئاپتاپتىن قاچۇرۇپ، سايىدا ئۇزاقراق تۇرغۇزغىلى بولىدۇ؟ خامسون ساھىلنى تولۇق بىر ھەپتە كۆزىتىپ، مۇنداق بىر ئىشنى، يەنى كىشىلەرنىڭ دېڭىز ساھىلىدىمۇ يانفوننى يېنىدىن ئايرىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھەرقانداق يانفونخۇمار ئادەمنى ھەقسىز Wi-Fi ئۆزىگە جەلپ قىلماي قالمايدۇ.

توغرا، خامسون ھەقسىز Wi-Fi دىن پايدىلىنىشنى ئويلىغان. يەنى، ئەگەر پەقەت سايە چۈشكەن يەردىلا ھەقسىز Wi-Fi ئىشلەتكىلى بولسا، يانفون ئويناۋاتقانلار ئىختىيارسىز سايە ئاستىغا جەم بولىدۇ ـ دە، ھۆكۈمەت كىشىلەرنى كۈچلۈك ئاپتاپتىن قاچۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

خامسون تېخنىكا ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، 10 نەچچە كۈن ئىشلەپ، 250 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا تورغا چىقالايدىغان، سايىلىك Wi-Fi تەتقىق قىلىپ چىققان. مەزكۇر ئەترەت ساھىلدا كۆك رەڭلىك ئاددىي توسۇق تاختىلارنى قۇراشتۇرۇپ، چوڭ ھەجىملىك بىر «تام» ياساپ چىققان ھەمدە Wi-Fi سىستېمىسىنى شۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغان. لېكىن، مەزكۇر Wi-Fi سىستېمىسىغا قۇياشقا ئەگىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان سېنزورمۇ ئورنىتىلغاچقا، پەقەت قۇرۇلمىنىڭ سايىسى چۈشكەن يەردىلا Wi-Fi سىگنالى بار ئىكەن. شۇڭا، قۇياشنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، كۆك رەڭلىك قۇرۇلمىنىڭ سايىسى بىلەن Wi-Fiسىگنال رايونىمۇ ماس ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن.

قەيەردە سايە بولسا، شۇ يەردە ھەقسىز Wi-Fi بولۇشى سەۋەبلىك، ئوتتەك قۇياش تەپتىگە قارىماي دولقۇن تېپىلىپ، كۈچلۈك ئاپتاپقا قاقلىنىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلار تورغا چىقىش ئۈچۈن سايە ئاستىغا جەم

# پلۇتون ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

شيې شۈن
ھۆسەيىن نۇر تەرجىمىسى

ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە ـ ئالەم بوشلۇقى ئىدارىسىنىڭ «يېڭى ئۇپۇق» ناملىق ئالەم كېمىسى توققۇز يېرىم يىلدا قۇياش سىستېمىسىدىكى 4 مىليارد 800 مىليون كىلومېتىرلىق مۇساپىنى تاماملاپ، يېقىندا پلۇتونغا ئەڭ يېقىن ئورۇنغا كەلدى. پلۇتون ئىنسانلار 85 يىل بۇرۇن بايقىغان، بىزگە تولىمۇ يىراق جايدىكى سىرلىق پلانېتادۇر.

«يېڭى ئۇپۇق» ناملىق ئالەم كېمىسى بىزنى پلۇتوننى نىسبەتەن ئوچۇق كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنداقتا، ئىلگىرى «توققۇزىنچى سەييارە» دەپ ئاتالغان بۇ پلانېتا ھەققىدە سىز بىلمەيدىغان قانداق يېڭى سىرلار باردۇ؟

بىرىنچى، ئۆتمۈشتە پلۇتوننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئىزچىل سىر بولۇپ كەلگەن بولۇپ، يىراق ئارىلىق ۋە پلۇتوننىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمى بۇ جەھەتتىكى ئۆلچەشكە قىيىنلىق تۇغدۇرغاندى. «يېڭى ئۇپۇق» ناملىق ئالەم كېمىسى پلۇتوننىڭ دىيامېتىرىنىڭ تەخمىنەن 2730 كىلومېتىر ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقتى.

ئىككىنچى، پلۇتوننىڭ كۈنچىقىش ۋە پېتىش دەۋرى يەر شارى ۋاقتى بويىچە ھەپتىدە بىر قېتىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى يەرشارىنىڭكى بىلەن قارىمۇقارشى ھەم ئايلىنىش سۈرئىتى ئاستا.

ئۈچىنچى، پلۇتون ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، ئاي شارىنىڭ ئىككى ـ ئۈچىسىچىلىك كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەش سەييارە توختىماستىن ئۇنى ئايلىنىپ تۇرىدىكەن.

تۆتىنچى، پلۇتون ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي سەييارە ئەمەس. خەلقئارا ئاسترونومىيە بىرلەشمىسى «بىر ئاسمان جىسمى سەييارە بولۇش ئۈچۈن چوقۇم شەكلى يۇمىلاق بولۇشى، تۇرغۇن



بولۇشقا باشلىغان. شۇ نۇقتىدىنلا، لىما ساھىلىدا سايە ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان Wi-Fi نىڭ قانچىلىك ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولمىسا كېرەك. سايە ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان Wi-Fi يانفون ھەۋەسكارلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە كىشىلەرگە كۈچلۈك ئاپتاپتا قاقلىنىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى، پەقەت سايىدا تۇرغاندىلا تېرە راكىنىڭ ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

سايە ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان Wi-Fi ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، خامسون ئۇنىڭغا «Wi-Fiغا تۇرامسىز، ئاپتاپقىمۇ؟» دېگەن ئېلان سۆزىنى چاپلىغان، بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك «بۇ ئېلان سۆزى قالتىس بوپتۇ» دەپ ماختاشقان. شۇنداقلا، بۇ ئېلان سۆزى ساھىلدىكىلەرگە نىسبەتەن مۇھىم ساغلاملىق ئەسكەرتمىسى بولۇپ قالغان.




بۇگۈن دادىسى كاتيانى تۇنجى قېتىم تىياتىرخانىغا ئاپاردى. دادا ـ بالا ئىككىسى تىياتىرخانىنىڭ چوڭ زالىغا ھەممىدىن بۇرۇن كىردى. ھەيۋەتلىك ئاسما چىراغ، قىزىل دوخاۋىلىق ئايرىمخانا ئورۇندۇقلىرى، گاھىدا يورۇق، گاھىدا تۇتۇق كۆرۈنىدىغان سەھنە پەردىسىنى كۆرگەن كاتيانىڭ يۈرىكى گويا سوقۇشتىن توختاپ قالىدىغاندەكلا ئىدى.

— بىزدە بېلەت بارمۇ؟ — سورىدى ئۇ تارتىنىپراق.

— بار، بىرىنچى رەتنىڭ، — دېدى دادىسى.

— ئورۇن نومۇرى باردۇر؟

— بار.

— ئەمىسە بىز جايىمىزدا ئولتۇرايلى، بولمىسا سەن يەنە مېنى ئالدىنقى قېتىم باغچىدا يىتتۈرۈۋەتكەندەك يىتتۈرۈۋېتىسەن، — دېدى كاتيا.

تاكى ئويۇن باشلانغانغا قەدەر، كاتيانىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىغا، جۇملىدىن سەھنە پەردىسىنىڭ راستلا ئېچىلىدىغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ بىر مەيدان ئويۇن كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇ ھازىر ئۆزى كۆرۈپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ بىر ئۆمۈر ئەسلەشكە ئەرزىيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

---

يۇلتۇزنى ئوربىتا قىلىپ ئايلىنىدىغان بولۇشى ھەم تارتىش كۈچىگە ئىگە بولۇشى. ئۇلارنىڭ ئوربىتىسى ئالەم بوشلۇقى جىسىملىرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالغان بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. ئەڭ ئاخىرقى شەرتنى ھېسابقا ئالمىغاندا پلۇتون پەقەت بىر پەتەك يۇلتۇز دېيىش مۇمكىن.

بەشىنچى، پلۇتوننى بايقىغۇچى تام بوب 14 يىل داۋامىدا ئالەم بوشلۇقى رەسىملىرىنى كۆزىتىپ، سامانيولى سىستېمىسىغا ئوخشاش يۇلتۇز سىستېمىسىدىن 29500 نى، 4000 دىن ئارتۇق كىچىك سەييارە ۋە بىر يېڭى كومېتانى بايقىغان.

ئالتىنچى، «يېڭى ئۇپۇق» ناملىق ئالەم كېمىسىدە تام بوبنىڭ جەسەت كۈلى، ئامېرىكا دۆلەت بايرىقىدىن ئىككىسى ۋە «سىرى ئېچىلمىغان پلۇتون» دېگەن كىنايىلىك ئىبارە يېزىلغان پوچتا ماركىسى ھەم فلورىدا ئىشتاتىنىڭ باشلىقى بوش «يېڭى ئۇپۇق» ناملىق ئالەم كېمىسىنىڭ مەسئۇلى ستەينگە سوۋغا قىلغان يۈزىگە «فلورىدا» دەپ خەت چۈشۈرۈلگەن 25 تىيىنلىق تەڭگە ساقلانغان.

يەتتىنچى، Pluto دېگەن سۆز بىر خىل سۈرگە دورىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئامېرىكىدا «قەۋزىيەت بولۇپ قالسىڭىز Pluto ئىچىڭ» دەپ ئېلانمۇ بېرىلگەن.

سەككىزىنچى، «يېڭى ئۇپۇق» ناملىق ئالەم كېمىسىنىڭ سۈرئىتى ئوقنىڭكىدىن تېز بولۇپ، ئوقنىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكى سائىتىگە 2700 كىلومېتىر. ھالبۇكى، 2007 ـ يىلى «يېڭى ئۇپۇق» ناملىق ئالەم كېمىسى يۇپىتېرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە تارتىش كۈچىنىڭ ياردىمىدە سائەتلىك تېزلىكى 82000 كىلومېتىرغا، پلۇتوننىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە 48000 كىلومېتىرغا يەتكەن.

چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەتراپتىكىلەر جىم بولۇشتى، ھېچكىم ئويۇن بېلىتىنى شاراقلاتمىدى ۋە يۆتەلمىدى.

سەھنە پەردىسى ئېچىلدى.

— بۈگۈن نېمە ئويۇن قويۇلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى دادىسى تۆۋەن ئاۋازدا.

— ئۈش! — دېدى كاتيا تېخىمۇ تۆۋەن ئاۋازدا — بىلىمەن، بۈگۈن «توم تاغىنىڭ كىچىك ئۆيى» دېگەن ئويۇن قويۇلىدۇ. مەن ئۇنىڭ كىتابىنى ئوقۇغان. كىتابتا قېرى نېگىر قۇلنىڭ ھېكايىسى سۆزلىنىدۇ.

سەھنىدىن نەم ۋە سوغۇق ھاۋا كەلدى، ئارتىسلار ھېسسىياتسىز ئاۋازلىرى بىلەن تولا تەكرارلاپ زېرىككەن سەھنە سۆزلىرىنى ئوقۇدى. كاتيا ئورۇندۇقنىڭ تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، ئېغىر - ئېغىر تىنىشقا باشلىدى.

— ياقتۇردۇڭمۇ؟ — سورىدى دادىسى.

كاتيا بۇنداق ئارتۇقچە سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىغان بولسا كېرەك، ئۈندىمىدى. بىرىنچى پەردە ئاياغلاشقاندا ئۇ ئورۇندۇقىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— كاتيا، ئەخمەق قىز، نېمىگە يىغلايسەن؟ — سورىدى دادىسى مېھرىبانلىق بىلەن.

كاتيا يېشىنى سۈرتكەچ:

— ئۇلار ئەمدى ئۇنى سېتىۋېتىدۇ، — دېدى.

— كىمنى سېتىۋېتىدۇ؟

— توم تاغىنى 100 دوللارغا سېتىۋېتىدۇ، مەن كىتابتىن شۇنداق ئوقۇغان، — دېدى كاتيا يىغلامسىراپ.

— يىغلىما كاتيا، قارا، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا قاراۋاتىدۇ. بۇ دېگەن ئويۇن، خالاس. بولدى، يىغلىما قوزام، ساڭا تورت ئېلىپ بېرەي، بولامدۇ؟

— قايماقلىقمۇ؟

— ھەئە، قايماقلىق.

— بولدىلا، يىغلىغاندا يېگۈم يوق، — دېدى كاتيا غەمكىن ھالدا.

ئاندىن كاتيا چىرايىنى تۈرۈپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي جىممىدە ئولتۇردى.

قوشنا ئورۇندۇقتىكى سېغىز چايناپ ئولتۇرغان پايىنەكباش ئادەم كاتيانىڭ خەقشىلىكىنى كۆرۈپ:

— بۇ بالىنىڭ سەل چاتىقى بارمۇ نېمە؟ — دەپ غودۇرىۋىدى، كاتيانىڭ دادىسى ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم تىياتىرخانىغا كېلىشى ئىدى، — دېدى.

ئىككىنچى پەردە باشلاندى، توم تاغا كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

— ھازىر بۇ قۇلنى كىمئارتۇق قىلىپ ساتىمىز، 100 دوللار! كىم تېخىمۇ يۇقىرى باھا قويۇشنى خالايدۇ؟

— 200 دوللار!

ئىنچىكە ھەم جاراڭلىق بۇ ئاۋاز بىرىنچى رەتتىن چىققانىدى. كىمئارتۇق قىلىپ ساتقۇچى قولىدىكى ياغاچ بولقىنى قويۇپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى.

سول تەرەپ ئەڭ ئالدىدا ئىزچىل سۆز قىلماي تۇرغان بىر قوشۇمچە ئارتىس كۈلكىسىنى تۇختىتالماي پەردە ئارقىسىغا كىرىۋالدى. «توم تاغا»مۇ يۈزىنى ئېتىۋالدى.

— كاتيا، كاتيا، بۇ ... بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — سورىدى دادىسى ھەيرانلىق بىلەن.

— 200 دوللار، 200 دوللار! دادا، ئۇلار ئۇنى سېتىۋەتسە بولمايدۇ، — كاتيا شۇنداق دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

قوشنا ئورۇندۇقتىكى پايىنەكباش ئەر:

— بۇ بالىنىڭ راستىلا چاتىقى باركەن! — دېدى زەردە بىلەن.

ئارقا رەتتىكىلەرمۇ بوينۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراپ كەتتى. خىجىل بولۇپ كەتكەن دادا كاتىيانى كۆتۈرۈپ چىقىش ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كاتىيا دادىسىنىڭ بوينىغا چىڭ ئېسىلىپ كۆز يېشى بىلەن نەملەنگەن يۈزىنى دادىسىنىڭ يۈزىگە ياقتى.

ئارام ئېلىش ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، دادىسى كاتىياغا:

— مانا ئويۇننىڭ ئاخىرىنىمۇ كۆرەلمىدۇق، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ كاتىيا، — دېدى. شۇ تاپتا دادىسىنىڭ مەڭزى خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— توم تاغا بەك بىچارىكەن، — دېدى كاتىيا بوش ئاۋازدا، — ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن.

دادا قىزىنىڭ يېپىنچىسىدىكى مايماق بولۇپ قالغان تۈگمىچىكە ۋە ئۇنىڭ ياش دېغىدا ئالا ـ بۇلىماچ بولۇپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ:

— ئازراق سۇ ئىچىۋال. ماڭا قارا كاتىيا، توم تاغا ھازىر ئۆزىنىڭ پەرداز قىلىش ئۆيىدە، ئۇنى ھېچكىمگە سېتىۋەتمىدى. ئۇنى كۆرگۈڭ بارمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە.

تاماشىبىنلار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە زالدىن چىقىپ ئارام ئېلىش ئۆيى تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۈلگىنىچە نېمىلەرنىدۇر مۇلاھىزە قىلىشىۋاتاتتى. دادىسى كاتىيانى ئېلىپ پەرداز قىلىش ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

بۇ چاغدا توم تاغىنىڭ رولىنى ئالغان ژابورىيانسكى يۈزىدىكى قارا بوياقنى سۈرتۈۋەتكەن بولۇپ، سېمىز ھەم قىزىل يۈزى ئۇنى ھەزىلكەشلەرگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— تىنچلىقمۇ؟ ژابورىيانسكى. قارا، كاتىيا، بۇ دەل سېنىڭ توم تاغاڭ ئەمەسمۇ؟ ياخشى قارىغىنا.

كاتىيا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ژابورىيانسكىنىڭ ئۇپىغا مىلەنگەن چىرايىغا بىرھازا قارىغاندىن كېيىن: «ئۇ ئەمەس» دېدى.

ژابورىيانسكى قاقاھلاپ كۈلگىنىچە:

— مەن راستىلا توم تاغىڭىز شۇ، بولمىسا سىزگە سېرىق چاشقاننىڭ ئىسقارتقىنىنى دوراپ بېرەيمۇ؟ — دېدى ـ دە، كاتىيانىڭ جاۋاب قايتۇرۇشىنى كۈتمەيلا ئىسقىرتىشقا باشلىدى. لېكىن، پەقەتلا سېرىق چاشقاننىڭكىگە ئوخشىتالمىدى.

— قانداق؟ كىچىك قىزچاق، — سورىدى كىمئارتۇق قىلىپ ساتقۇچى كاتىيادىن، — ئەمدىغۇ ئۇنى سېتىۋەتسەك بولار؟

شۇ تاپتا كاتىيانىڭ بىغۇبار كۆزلىرىدە ھاياجاندىن ئەسەر قالمىغانىدى، ئۇ غەمكىن ھەم ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «بولدى، سېتىۋېتىڭ!» دېدى.

## يالغانچى

ئوقۇش باشلانغان تۇنجى كۈنى، جېك مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاپىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— يېڭى ئوقۇتقۇچۇڭ ياخشىمىكەن، قوزام؟

— ياق، ئۇ بەك يالغانچىكەن.

— قالايمىقان گەپ قىلما! مۇئەللىممۇ يالغانچى بولامدۇ؟

— راست دەۋاتىمەن. ئۇ دەرس باشلانغاندا ئۈچكە ئۈچنى قوشسا ئالتە بولىدۇ، دېگەنىدى؛ بىر ئازدىن كېيىن، تۆتكە ئىككىنى قوشسا ئالتە بولىدۇ، دېدى؛ يەنە تېخى دەرستىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا بەشكە بىرنى قوشسا ئالتە بولىدۇ، دېدى...

— ...

# تاشلىۋېتىلگەن مۈشۈك: سابىق خوجايىنىمغا يېزىلغان خەت

ئاندىرىيېننى گونزالېز
بارىجان زەپەر تەرجىمىسى

مەن بىز ئايرىلغان ئاشۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن، بۇ مېنىڭ ئەزەلدىن ماشىنىغا ئولتۇرۇشتىن بىزار ئىكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك. ئۇ كۈنى سەن مېنى ھايۋانلارنى يىغىۋېلىش ئورنىغا تاشلاپ قويۇپ كەتتىڭ. گەرچە مال دوختۇرىنى كۆرمىگىنىمگە ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا بولغان قورقۇنچ يەنىلا مەۋجۇت ئىدى — ئەسلىدە مەن «مېنى ئاشۇ قورقۇنچلۇق مال دوختۇرىغا كۆرسەتكىلى ئاپىرىدۇغۇ» دەپلا ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئىش مەن ئويلىغاندىن جىق ئېچىنىشلىق ئىكەن، ئۇ كۈنى سەن مېنى ھايۋانلارنى يىغىۋېلىش ئورنىغا ئاپىرىپ قويدۇڭ.



سەن ھەتتا كۆزلىرىمگىمۇ قارىيالمىدىڭ، ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدا ئايانچلىق ئىڭراشلىرىمغىمۇ جاۋاب بەرمىدىڭ. ئىلگىرى سەن مېنى مال دوختۇرىغا كۆرسەتكىلى ئېلىپ ماڭغان، مەن ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدىكى قەپەسنىڭ ئىچىدە مىياڭلاپ ماڭغان چاغلاردا، سەن ھەمىشە: «تىنچلان، قوزام» دەيتتىڭ. بىراق ئاشۇ كۈنى سەن ھېچنېمە دېمىدىڭ. بىز شەھەر ـ بازارلارنى جىمجىتلا كېسىپ ئۆتتۇق، سەن ھەتتا ماشىنىنىڭ رادىئوسىنىمۇ ئاچمىدىڭ. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگىنىمنى، ماڭا نېمىشقا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ماڭىدىغانلىقىڭنى چۈشىنەلمىدىم. مەن باشتىن ـ ئاياغ قولىقى يۇمشاق مۈشۈكۈك ئىدىمغۇ؟ ھاجەتخانىغا كىرسەم، ئۆزۈمنىڭ تەلەگگىسىگە ھاجەت قىلاتتىم: سەن مېنى چىقىشتىن چەكلىگەن ئۈستەلگە چىقمايتتىم: ئۈستەلدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇكتەي ـ توكتەي قىلىپ، يەرگە چۈشۈرۈۋەتمەيتتىم: مەن ھەتتا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، سافانى تاتىلاپ يىرتىۋەتمەيتتىم. ئەگەر، سەن ماڭا تاتىلاپ ئوينىغۇدەك بىرەر نەرسە ئەكېلىپ بەرسەڭ ئىدىڭ، سافانى تاتىلاش خىيالىمغىمۇ كەلمەس ئىدى...

سەن مېنى ماشىنىدىن چۈشۈردۈڭ. سەن ھايۋانلارنى يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ دەرۋازىسىنى

ئېچىشتىن ئىلگىرىلا ئۆزۈمنىڭ چاتاق يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى، بەكمۇ چاتاق بىر يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى كۆڭلۈم تۇيۇپ بولغانىدى. سەن يىغىۋېلىش ئورنىغا قاراپ بىرقانچە قەدەم مېڭىشىڭغىلا، كۈچلۈك پۇراش ئىقتىدارىم ماڭا مەلۇمات يەتكۈزۈپ بولغانىدى. سەنمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى پۇراقنى ھىدلاپ ئۈلگۈرگەن بولساڭ كېرەك، ئاشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە قەدىمىڭنى توختىتىپ، كەينىڭگە بۇرىلىپ قايتىپ كېتىشكە تاسلا قالدىڭ. مەن سېنى بۇ يەرگە خاتا كېلىپ قالدى، دەپ ئويلىدىم، چۈنكى مەن سادىق ھەمراھىڭ بولغاچقا، مېنى مۇنداق يەرگە تاشلاپ قويۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سەن كەينىڭگە بۇرىلىپلا مېنى ماشىنىغا قايتىدىن سالىسەن ـ دە، ئىككىمىز بىللە ئۆيگە قايتىمىز. ئاندىن ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە سەن ئەسلىدە مېنى ئاپارماقچى بولغان ئەرمەك ھايۋانلارغا ئويۇنچۇق تاللايدىغان دۇكانغا بارىمىز. مېنى ھايۋانلارنى يىغىۋېلىش ئورنىغا ئەكەلگىنىڭ ئارىمىزدىكى كۈلكىلىك بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەي ئىنسان، بۇ خىياللىرىم ساڭا يوچۇن تۇيۇلار. لېكىن، بىز ھېلىقى يىغىۋېلىش ئۆيىگە كىرىشتىن ئىلگىرىلا مەن ئۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەن ھەربىر ھايۋاننىڭ ئازابى ۋە تەنھالىقىنى ھېس قىلىپ بولغانىدىم. ئۇ يەردىكى مۈشۈكلەر ۋە ئىتلار غوجايىنىنىڭ مېھرىبانلىقىنى ئەسلا ھېس قىلىپ باقمىغان، يەنە كېلىپ، تېخىمۇ يامىنى — ئۇلار غوجايىنلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مۈشۈكلەردە بولىدىغان تەشنالىقنىمۇ ئەسلا ھېس قىلالمايتتى. ئاشۇ ھايۋانلار ئەسلىدە ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىنى، چىن مۇھەببەتلىك ئىنسانلار بىلەن ھايات خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىلىنىشنى بىلەتتى، لېكىن ئاخىرىدا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار بۇ قورقۇنچلۇق ئىمارەتكە سولاندى. مەن سېنىڭمۇ ئاشۇ ئازابلارنى ھېس قىلالىغان بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن، دەل ئاشۇ ئازابلارنىڭ سېنى دەرۋازىنى ئېچىشتىن ئىلگىرى قەدىمىڭنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلالىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر-كىن، سەن يەنىلا دەرۋازىنى ئاچتىڭ.

«بۇ مۇمكىن ئەمەس» — سەن يەنە بىر ئىنسان بىلەن «ھۆججەت» (ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بىلەن كارىم يوق) توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقىنىڭدا، مەن يەرگە قويۇلغان قەپەسنىڭ ئىچىدە جىمجىت ئولتۇرغىنىمدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم. سەن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ ئۆي كۆچمەكچى ئىكەنلىكىڭنى ئېيتتىڭغۇ دەيمەن. ياكى سەن مەندىن بىزار بولدۇڭ (لېكىن، بۇ بەش يىل مابەينىدە سەن ھېچقاچان بىزارلىق ھېس قىلىپ باقمىغانىدىڭ) ۋە ياكى سەن توي قىلىدىغان لايىق تاپقان بولساڭ، ئۇ مېنى ياقتۇرمىغان بولسا كېرەك. ئەينى چاغدىكى ئىشلار راستلا ئېسىمدە يوق، مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، ئۆزۈمنى بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن قاچۇرۇۋاتاتتىم.

زالدا يېنىمدىكى مۈشۈك غالجىرلىق بىلەن قەپەسنىڭ ئىشىكىنى تاتىلىغىنىچە قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى. مەنچۇ؟ بەلكىم، ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر رايىش، زېرەك ئىكەنلىكىمنى نامايان قىلسام، سېنى نىيىتىڭدىن يېنىپ، مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتەمدىكىن دېگەننى ئويلىماقتا ئىدىم. شۇڭا، مەن زادىلا زۇۋان سۈرمىدىم. مەن ئالدى پەنجىلىرىمنى ئاستىمغا بېسىپ، ئامال بار ئۆزۈمنى «يوشۇرۇۋېلىش»قا تىرىشتىم، كۆڭلۈمدە «ئەگەر ئۇلار مېنى كۆرەلمىسە، ما ئادەمنىڭ قۇرۇق قەپەسنى كۆتۈرۈپ كەلگىنى نېمىسى؟ ئۇ چوقۇم ساراڭ بوپتۇ» دەپ قالار دېگەنلەرنى ئويلىدىم. سەن ئۇلارغا: «مۈشۈكۈمنى

ئېلىپ قالساڭلار» دېگىنىڭدە، روشەنكى، سەن كۆتۈرۈپ كەلگەن قەپەسنىڭ ئىچىدە مۇشۇك بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ سېنى زاڭلىق قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

سېنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىم، ھەتتا سەن ئاستىمغا بىر قات لۆڭگە سېلىپ بەرمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن بۇ سوغۇق، مۇستەھكەم قەپەسنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇش قىياپىتىمنى ئۆزگەرتتىم. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئاسلان چېغىمدىن باشلاپ بۇ قەپەس مېنىڭ ئارام ئالىدىغان جايىم ئىدى. سەن خىزمەتكە كەتكەندە سېنى ساقلاپ ئۆيدە قالاتتىم، ئاشۇ كۈتۈشلەر ماڭا گويا مەڭگۈلۈكتەك ئۇزۇن بىلىنەتتى، گاھىدا قەپەسنىڭ ئىچىدە مۈگدەپمۇ قالاتتىم.

ئاندىن ئۇلار مېنى ئېلىپ كەتتى. سەن ھەتتا مەن بىلەن خوشلىشىپمۇ قويمىدىڭ. مەيلى قانداق سەۋەب تۈپەيلىدىن بۇ ئىشنى قىلغان بول، مەن سېنىڭ چىرايىڭدىن بۇ ئىشنى ئىلاجسىز قىلغانلىقىڭنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئالامەتنى بايقاش ئىستىكىدە ساڭا قارىدىم. ۋاھالەنكى، سەن ئۆرۈلۈپلا غايىب بولدۇڭ.

مۇشۇنىڭ ئۆزى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش ئىدى.

ساڭا بۇ يىغۋېلىش ئورنى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي، ئەي ئىنسان. بۇ يەردە ياخشى ئادەملەرمۇ، ئەسكى ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. بۇ يەر شۇنچىلىك شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئىكەنكى، بۇ يەردە ئارام دېگەندىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس! سەن كېچە - كېچىلەپ تېلېۋىزور كۆرەتتىڭ ياكى ئاشخانادا بىر ئىشلارنى قىلاتتىڭ. مەن بولسام، ئۇخلاي دەيتتىم - يۇ، ئۇخلىيالمايتتىم. لېكىن، يىغىۋېلىش ئورنىدىكى شاۋقۇن - سۈرەن كىشىگە ئاسمان ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن ھەر قېتىم كۆزلىرىمنى مەھكەم يۇمغىنىمدا، بۇ قاباھەتلىك چۈش قوينىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، كۆزۈمنى ئاچساملا ئۆزۈمنى سېنىڭ سافايىڭدا ياتقان ھالدا كۆرۈشنى، سېنىڭ بېشىمنى كۆيۈمچانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ: «ئۇش، بولدى، بولدى، سەن يامان چۈش كۆرۈپ قاپسەن» دېيىشىڭنى ئارزۇ قىلدىم. لېكىن، سەن پەيدا بولمىدىڭ، مەنمۇ بۇ قاباھەتلىك چۈش قوينىدىن قۇتۇلالمىدىم.

بۇ يەرنىڭ ياخشى جاي ئەمەسلىكىنى ھەممە ھايۋانلار بىلىدىكەن. ئاۋۇ ئىتلار توختىماستىن قاۋاشماقتا، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ھاۋشماقتا، كاڭشىماقتا، نالە قىلماقتا. بۇ يەرنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلار سىناق تەرىقىسىدە ئۇلارنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ سەيلە قىلدۇرسا، ئۇلار بىلەن ئويناشسا، ئۇلار شۇندىلا سەل تىنچلىنىپ قالىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە ئىتلار ئىنتايىن كۆپ، ئادەملەر بەك ئاز، شۇڭا غەمخورلۇققا ئېرىشەلمىگەن ئىتلارنىڭ ئۇغىسى شۇنچىلىك قايناپ كېتىدۇكى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خىلمۇخىل ئاۋازلاردا غەلۋە قىلىشىپ كېتىدۇ.

مۇشۇكلەرمۇ شۇنداق. ئۇلار مىياڭلايدۇ، خىرقىرايدۇ. مەن ئەزەلدىن باشقا مۇشۇكلەرنىڭ مۇنداق ئاۋاز چىقارغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى ئادەتتىكى مۇشۇكلەرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. مەن بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم. بەزى مۇشۇكلەر ئوخشاش بىر رەۋىشتە مىياڭلاۋېرەتتى. ھەممىمىز ئاللىكىملەرنىڭ بىزنى قەپەسلەردىن چىقىرىپ، «ئۆي»ىمىزگە ئاپىرىپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلىشاتتۇق.

بىراق، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەن يەنىلا تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە جىمجىتقىنا ئولتۇرغىنىمچە، كۆڭلۈمدە «ئەگەر مەن داۋاملىق رايىش مۇشۇك بولسام، ئىگەم مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ

كېتەرمۇ» دېگەنلەرنى ئويلايتتىم.

بەزىدە، بوش چاغلىرىدا بىزگە ھەمراھ بولىدىغان پىدائىيلار خۇپپىيانە ھالدا بىزگە مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ بېرەتتى. بىزنىڭ سانىمىز زىيادە كۆپ بولغاچقا، ئەڭ مۇنەۋۋەر پىدائىيلارمۇ ھەممىمىزگە ھەمراھ بولۇشقا يېتىشەلمەيتتى. لېكىن، ئۇلار ھەققەتەن شۇنداق قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇلار ناھايىتى مېھرىبان، يېقىملىق بولۇپ، يىغىۋېلىش ئورنىدىكى ھەددىدىن زىيادە چۆچۈپ، قورقۇپ كەتكەن مۇشۇكلەرگە كۆيۈنەتتى. ئارىمىزدىكىلەرنىڭ تولىسى چۆچۈپ، قورقۇپ كەتكەنلەر ئىدى، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە يەنە بىر قىسىم ياخشى نىيەتلىك دوختۇرلار، خىزمەتچىلەر بار بولۇپ، ئۇلار تولىمۇ مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل ئىكەن. لېكىن، كۆپىنچە ھاللاردا مەن پەلەي كىيگەن نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارنىڭ بىردەم ئۇنىڭ قېشىغا، بىردەم بۇنىڭ قېشىغا قاتراپ، ئارخىپ خاتىرىسىگە بىزنىڭ ئۇچۇرلىرىمىزنى يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم.

ھەر كېچىدە، يىغىۋېلىش ئورنىدا تازىلىق ئىشچىسى بىلەن قىلىدىغان ئىشى يوق يەنە بىر مال دوختۇرى ئۇياقتىن - بۇياققا ئايلىنىپ يۈرگەندە، مەن ئەتراپىمدىكى قەپەسلەردە ياتقان مۇشۇكلەر بىلەن پاراڭلىشىۋالاتتىم. ئۇلار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ غوجايىنلىرىنى، ئۆيلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كېلىپ قالغانلىقلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. مەنمۇ ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. مەن ئۇلارغا: «غوجايىنىمنىڭ مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ قويغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، قانداق سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىمنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى، مەن ئەزەلدىن غوجايىنىمنى رەنجىتىشنى خالىمايتتىم» دېدىم.

بەزى مۇشۇكلەر ئىلگىرىمۇ بۇ يەردە تۇرۇپ باققانىكەن. بەزىلىرى بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى بىر ئۆمۈر كوچىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنىكەن.

ئەي غوجايىن، ئوتتۇرىمىزدىكى مەسىلىنىڭ تېخىچە ھەل قىلىنمىغىنىغا بەك ئەپسۇسلىنىمەن. سېنىڭ مېنى مۇنداق قورقۇنچلۇق يەرگە ئېلىپ كېلىپ قويۇشۇڭغا زادى نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما يەنىلا سەندىن رەنجىمەيمەن.

بۇ يەر بەكلا ياخشى ئىكەن. بىزنىڭ قىزىقىپ ئوينايدىغان نۇرغۇن ئويۇنچۇقلىرىمىز، سىيرىلىش تاختىلىرىمىز بار، يېمەكلىكلىرىمىزمۇ خېلىلا ئوبدان، سەن ئىلگىرى ئەرمەك ھايۋانلار ماگىزىنىغا بېرىشقا ۋاقتىڭ يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ ماڭا يېگۈزگەن ئاشۇ يېمەكلىكلەر ئاشقازىنىمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتەتتى.

ئويىنىغۇم كەلگەندە، بۇ يەردىكى ئاكا - ئۇكىلار، ھەدە - سىڭىللار بىلەن ئوينىيالايمەن. ئەمما، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا مەن ئىنسانلارنىڭ دېرىزىنىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىدىغان ئاسما كارىۋاتلىرىنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، شۇ يەردە ئولتۇرۇپ سىرتتىكى كىچىك قۇشلارنى كۆرىمەن.

ئېتىراپ قىلىمەن، بەزىدە دېرىزىنىڭ سىرتىغا قارىغىنىمدا، شۇ تاپتا غوجايىنىم نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

مەيلى سەن نېمە قىلغىن، خۇشال ئۆت، مەندىن ئەندىشە قىلما. ئەمما، سېنىڭ باشقا مۇشۇك باقماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، مەن بۇ پاجىئەنىڭ بىرقانچە يىللاردىن كېيىن باشقا بىر مۇشۇكتە تەكرارلىنىشىنى خالىمايمەن.

# ئۈچ ئوغۇل

فو ئوۋشىيېۋا [رۇسىيە]

قەدىرىيە ئەكرەم تەرجىمىسى

ئۈچ ئانا قۇدۇق بېشىدا سۇ ئېلىۋاتاتتى.

شۇ مەھەللىدىكى ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بىر مويسىپىت نېرىراقتىكى تاشتا ئولتۇراتتى.

— مېنىڭ ئوغلۇم كۆچلۈك ھەم ئاجايىپ چېۋەر، ھېچكىم ئۇنىڭدەك بولالمايدۇ، — دېدى بىر ئانا.

— مېنىڭ ئوغلۇم ناخشىنى قالتىس ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدا بار ئاۋاز ھېچكىمدە يوق، — دېدى يەنە بىرسى.

يەنە بىر ئانا گەپ قىلمىغانىدى، قالغان ئىككىيلەن ئۇنىڭغا:

— سەنمۇ ئوغلۇڭ توغرۇلۇق بىرەر نەرسە دېمەمسەن؟ — دېدى.

— نېمىسىنى دەي، ئۇنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بولمىسا، — دېدى ئۇ.

ئۈچ ئانا سۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

نېمىگىدۇر قىزىققان بوۋاي ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

سوغىدىكى سۇ بەك ئېغىر بولغاچقا، ئۈچ ئانا ھېلى مېڭىپ، ھېلى توختاپ، قول، بەللىرى ئېلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئالدىدىن ئۈچ ئوغۇل يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

ئالدى تەرەپتە ئاپىلىرى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باللارنىڭ «ماھارەت» كۆرسەتكۈسى كەلدى بولغاي، ئارىدىن بىر بالا چاقپەلەكتەك ئايلىنىپ موللاق ئېتتۇىدى، ھەممەيلەن بارىكاللا ئوقۇپ، قاراپلا قېلىشتى.

يەنە بىر بالا ناخشا ئېيتتۇىدى، ئاۋازى ھەممەيلەنگە ياراپ كەتتى.

يەنە بىر بالا يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئانىسىنىڭ قولىدىكى سوغىنى ئالدى.

ھېلىقى مويسىپىتنىڭ بىر چەتتە قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بىر ئايال ئۇنىڭدىن:

— تاغا، كۆردىڭىزمۇ؟ بۇ ئۈچ ئوغۇل قالتىسمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ ئوغۇل دەمسىز؟ — دېدى بوۋاي، — مەن پەقەت بىرلا ئوغۇلنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟

# جۇدالىق

نەجىب مەھبۇز [مىسىر]

سېنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقىنىمدا، راستلا ئۆلۈپ قالغانلىقىڭنى ئاندىن ھېس قىلدىم.

نامىزىڭغا كەلگەنلەر سانجاق - سانجاق ئولتۇرۇشۇپ، كۇسۇرلىشىپ پاراڭ سېلىشىپ، پىخىلداپ كۈلۈشۈپ، بۇ «مۇراسىم»نى قىزىتىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشمەيدىغان گېپى يوق ئىدى؛ سېنىڭ مېيىتىڭ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا جىمجىت ياتاتتى، لېكىن، سېنى ھېچكىم تىلغا ئېلىپ قويمايتتى...

بۇرادەر، سەن ئادەمنى بەزدۇرىدىغان بۇ بۇ دۇنيادىن كەتتىڭ، ئەمدى تىنچ - خاتىرجەملىكنىڭ ھوزۇرىنى سۈرسەن، تىرىكلەر بولسا، داۋاملىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىدۇ.

ئويلاپ قالدىم، ئۆلۈم - ئۆلگۈچىنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك ئەمەس، پەقەت تىرىكلەرگە تەۋە نەرسە ئىكەن.



86 10 64329999


# 读者（月刊）
（维吾尔文版）

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
印刷：乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
排版：米尔阿地力排版工作室
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

国际标准刊号：ISSN1671－1327
国内统一连续出版物号:CN65-1144/GO
邮发代号：58 －135　定价 ：5.00元

# تەرمىلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھەرلىك جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
باسقۇچى: ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
بەت ياسىغۇچى: مىرئادىل بەت ياساش ئىشخانىسى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 18999212473

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1671 ـ 1327
بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 ـ 1144 /GO
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 135 ـ 58 باھاسى: 5.00 يۈەن

M